1994

5

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

- يايلاقتا باھار كەلگەندە
- خۇيزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى
- شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بەش ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت



ISSN 1002-9184

09>

9 771002 918006

UNITY OF NATIONALITIES

# مۇندەرىجە

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى


ياپلاقتا باھار كەلگەندە ........................................ (4)

ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى ............. (15)

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خۇڭ ژۇرنىلىمىز مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى .......................... (10)


## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بەش ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت


ئىستىقباللىق زېمىن — ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى .................... (28)

جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم ئوبلاست — بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ..........(30)

پامىر ئېگىزلىكىدىكى مەرۋايىت — قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى .................... (36)

مول تەبىئىي بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بېشىل مەرۋايىت — بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........................................ (34)

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى گۆھەر زېمىن — سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ..................(32)


## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار


خۇيزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى .................................................ئابدۇكېرىم راخمان، ئۆمەرجان توختى (21)


## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ


ئەمەخورلۇقتىن قۇتۇلايلى .............................. ئەختەم ئۆمەر (38)

مەن سىلەرنى تاللىدىم .............................. ئۆمەرجان ھەسەن (56)


## مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت


ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى .............................. مۇتەللىپ سىدىق (40)


## ئىقتىساد رۇجىكى


گېرمانىيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى ئىجادىيىتى — ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى ........................................ ئادىل خالىق (42)


## مىللەت خەزىنىسى


شىنجاڭدا توغراق ۋە توغراق بىلەن ئاتالغان جايلار ........ مەخسۇت ھېيت (44)

يىپەك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى .................... مەتقاسىم ئوسمان (54)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال
(ئومۇمىي 36 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
ئىدرىس بارات
(تېلېفون: 234567)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئەكبەر ئېلى
(تېلېفون: 237021)

بۇ ساننىڭ نۆۋەتچى تەھرىرى:
خەمىت نېغمەت


## كېلەر ساندىكى مۇھىم ئەسەرلەر

- مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى
- ئۆزىمىزنى قەدىرلەيلى
- ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى



# مۇندەرىجە

مىللەتلەر ئىتتىپاقى

民族团结

ۇلتتار ىنتىماعى

민족단결

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
تاق ئايلارنىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەر يىلى 5- ۋە 10-ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋەكالەت نومۇرى: 117 ــ 58
خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:
BM 178U

## تەرمىلەر

ئاز سانلىق مىللەتلەر گېزىتىدىن ............................ (46)
مياۋزۇ قىزلىرىنىڭ كۈمۈش كىيىمى ............................ (46)
مەملىكىتىمىز ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ............................ (46)
ئاسىيادىكى مىللەتلەر ............................ (47)
دۇنيادىكى ئۇن چوڭ گېزىت ............................ (47)
بۇ بەلگىلەرنى بىلەمسىز ............................ (47)
ھىلال ئاي ۋە يېشىل رەڭ ............................ ئۆمەرجان نۇرى (52)

## ھېكمەت دۇنياسى

دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ خىسلىتى ............................ ئەلشىر نەۋايى (27)
ھېكمەت دۇنياسى ............................ (55)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

يولداش تەھرىر: مەن بۇ يىل 25 ياشقا كىردىم. شۇڭا مېنىڭ چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلغۇم بار. لېكىن شىخەنزىدە چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى يوق. بەزىلەر ئۈرۈمچىدە چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى كۆپ دەيدىكەن. سىزچە مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، لايىق ئىزدىسەم ياخشىمۇ ياكى شىخەنزىدىن داۋاملىق ئىزدىسەم ياخشىمۇ؟ قاتارلىق 13 سوئالغا بېرىلگەن جاۋابلار ............................ (48)، (49)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

جۇڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلىرى ............................ (50)، (51)

## گۈلدەستە

قىرتاق جاكارلار (ئەدەبىي پارچىلار) ............................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (57)
نەسىرلەر ............................ ئەخمەت ئىمىن (61)
شۇ ھاراقنى ... (شېئىر) ............................ ئىدرىس بارات (62)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىدا: كىچىك رەسسام يېنا ............................ يىن خەنيىن فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 2-بېتىدە: بېيجىڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى ............................ يۈن چاڭ، يامىن فوتوسى
3-بەتتە: ئەكبەر پەيزۇللا ھۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ............................
4 - بەتتە: گۇاڭشى لىنچۇ ئېقىنى ............................ يامىن فوتوسى



- ئېلونچۇن مىللىتى ۋە ئېلونچۇن ئاپتونوم خوشۇنى
- ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىدىن بىر قانچە مىسال
- يەكەندىكى مەشھۇر تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار

# ياپيلاقتا باھار كەلگەندە

## — لى پېڭ زۇڭلىنىڭ ئېچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى تەكشۈرۈشىدىن خاتىرىلەر ۋۇشىمىن

4 ـ، 5 ـ ئاي مەزگىللىرى جەنۇبىي جۇڭگودا تومۇزغۇلار سايرىشىپ، باھارنى ئۇزىتىپ، يازنى كۈتۈۋالغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەندە، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان ئېچكى موڭغۇل ياپلىقى بولسا، ئەمدى تېخى قىشلىق تونلىرىنى سېلىپ، يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىپايان كۆك ئاسماندىن «بويىن 737» تىپلىق ئايروپىلان داچىڭشەن تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كۆكخوت ئايرودورومىغا چۈشتى. ئايروپىلاندىن جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈشۈپ كەلدى. كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر خۇش-پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈلدەستە ۋە ئاپئاق خادالارنى كۆتۈرۈپ، موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە لى پېڭ زۇڭلىنى كۈتۈۋالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەت ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بولغان زىيارىتىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرغان لى پېڭ زۇڭلى سەپەر ھاردۇقىنى ئالماستىنلا ئېچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

1

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئاساسىي مېلودىيىسى، شۇنداقلا لى پېڭ زۇڭلىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى — دۇنيا ئەمگەكچىلىرىنىڭ بايرام كۈنىدىكى كۈن تەرتىپىگە قاراپ باقايلى: ئەتىگەن توققۇزدىن باشلاپ چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكىچە، كۆكخوت شەھىرىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ باۋغېڭيى تېۋىت بۇيۇملىرى توقۇش چەكلىك شىركىتى، چىڭسۈڭ كىيىم تىكىش چەكلىك شىركىتى، چىك شياۋ يۈڭ توقۇمىچىلىق شىركىتى، توك كۈچىنى تەڭشەپ تەقسىملەش مەركىزى، ستانوك قوشۇمچە زاپچاسلىرى باش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەنە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، يىكېجاۋ ئايمىقىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان دالات ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. لى پېڭ زۇڭلى ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى گۈرۈلدەپ تۇرغان سېخلارنى، جىددىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىش مەيدانلىرىنى، كۆزنى چاقنىتىدىغان تۈرلۈك مەھسۇلات كۆرگەزمىخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئالاقىدار خادىملار تونۇشتۇرغان ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سورىدى. ئۇ تۇرۇپ قىسمەن مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، تۇرۇپ بىر نەرسىنى ئويلاپ يەتكەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى ۋە ياكى خاتىرىسىنى ئېچىپ خاتىرە قالدۇراتتى...

جۇڭگو يېڭى تۈس ئالماقتا، چەكسىز ياپلاق زېمىندا ئۇلۇغۋار ئىشلار بارلىققا كەلمەكتە. لى پېڭ زۇڭلى ئېچكى موڭغۇلنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئېچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن ئالتە قېتىم ياپلاقتا كەلگەن لى پېڭ زۇڭلى ئېچكى موڭغۇلنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى تەرەققىياتلىرىنى مىسال ئېلىپ كۆرسىتىپ ئۆتتى: يېزا ئىگىلىك جەھەتتىكى ئۆزگىلىك جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاشلىق سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەپ، ئاشىدىغان بولدى؛ باۋتۇ پولات زاۋۇتىنىڭ ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئۇرغۇپ پولات مەھسۇلاتى 1989-يىلدىكى 100 نەچچە توننىدىن ھازىرقى 300 نەچچە توننىغا يەتتى؛ ئېلېكتر سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ئېلېكتر بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماستىن بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭشەن ئېلېكتر تورلىرىغا ئېلېكتر يەتكۈزۈپ تۇردى؛ كۆمۈر سانائىتى

تەرەققىي قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم كۆمۈر بازىسى بولۇپ قالدى؛ يايلاقتا قودۇق جاھازىلىرى تىكلىنىپ نېفىت يوق دېگەن تارىخقا خاتىمە بېرىلدى... مانا بۇلاردىن لى پېڭ زۇڭلىنىڭ ئىچكى موڭغۇلغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە چۈشىنىشىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۆزگىرىشلەر ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتىنىڭ كىچىك بىر كۆرۈنۈشى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلار دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى، ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ئىزچىل ھالدا دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ تېما بولۇپ كەلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا، لى پېڭ زۇڭلى ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. كۆكخوت ستانوك قوشۇمچە زاپچاسلىرى باش زاۋۇتىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ كونا كارخانىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە پاترون تەتقىقاتى ۋە پاترون ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، مەھسۇلاتىنىڭ 40 نەچچە دۆلەتكە سېتىلىدىغانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دەرھال مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنى ئوخشاشلا ئوبدان باشقۇرغىلى بولىدۇ. مۇھىمى ياخشى مېخانىزم بولۇشى، قاتتىق باشقۇرۇلۇشى، سۈپەتكە دىققەت قىلىنىشى، ئىشەنچ تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك.

كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىشى ئۆزۈندىن بېرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى چىرمىۋالغان قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان كارخانىلارغا قانداق قاراش كېرەك ھەم ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ زۇڭلى تەكشۈرۈش داۋامىدا مۇھىم پىكىر بايان قىلدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى يولداشلار خىزمەتتىن دوكلات بېرىپ ھازىرى تەخمىنەن 50 پىرسەنت كارخانا زىيان تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. لى پېڭ زۇڭلى دەرھال زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؟ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ سانى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؟ دەپ سورىدى. بۇنىڭغا يولداشلار: مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 20 پىرسەنتىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 10 پىرسەنتتىن ئازراقىنى ئىگىلەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. زۇڭلى بېشىنى لىڭشىتىپ مۇنداق دېدى: بۇ ئىككى سان ناھايىتى مۇھىم، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ سانىغىلا قارىماي، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش كېرەك. شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، سانلىق مەلۇمات ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي سان، بولۇپمۇ يەككە - يېگانە سان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. زۇڭلى ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ئەمەلىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنى قىيىن ھالەتتىن قۇتقۇزۇش كېرەك. ئۇ يەنە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە بۇ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشقا تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىيات داۋامىدىكى پەرق مەسىلىسى نۇرغۇن كىشىلەر (جۈملىدىن چەت ئەللەردىكى بەزى زاتلار) ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلە. شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدە شەك يوق. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ھۆججەتلىرىدە بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر زۇڭلىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىگە تەقەززا ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ چۈن خىزمەت دوكلات

قىلىش ۋاقتىدا شەرق بىلەن غەربنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. قەلبىگە ئومۇملۇقنى پۈككەن زۇڭلىمۇ بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر بىلەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن تونۇش جەھەتتە بۇ مەسىلىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: كۆپچىلىك شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە، بۇ مەسىلىگە ئىلمىي تونۇشتا بولۇش كېرەك. ئۇنىڭغا تارىخىي يوسۇندا قاراش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۆزىدە بولغان تەرەققىيات ـ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈشى، ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى كېرەك، قانداق قاراش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، زۇڭلى يەنە قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەت داۋاملىق زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، غەربنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ، باج ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت تېخىمۇ كۆپ مالىيە كۈچىنى توپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ پۇللار نېمە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بىر قىسمى دىپلوماتىيە، ئىچكى ئىشلار ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىر قىسمى غەربنى ئېچىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. باھا ئىسلاھ قىلىنسا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلسە، غەربنىڭ تەرەققىياتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ، زۇڭلى يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەنىلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىش كېرەك، بۇ ئەنگۈشتەرنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كېلىپ ھەمكارلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئېلىشى كېرەك. ئىچكى موڭغۇل ئېنېرگىيە مەنبەسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتلەردە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، بۇ ئارتۇقچىلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. زۇڭلى مىسال ئېلىپ مۇنداق دېدى: كۆكخوت «چىڭسۇڭ» كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىنىڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى، ئىچكى موڭغۇل ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلېكتر كەسپىدە بىرىنچى بولۇپ باھالاندى، بۇلار چەت چېگرا رايونلاردا ئوبدان باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىلسا مەملىكەت بويىچە كەسپلەرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىچكى موڭغۇلدا ئۈمىد ناھايىتى چوڭ، زۇڭلىنىڭ بۇ مۇھىم قاراشلىرى ئىچكى موڭغۇل ئۈچۈن ئېيتىلغان، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن ئېيتىلغان. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ پەرقىنى توغرا تونۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچ تىكلەپ، يۆنىلىشىنى توغرىلاپ ئۆز رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

2

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان بىر كۆپ مىللەتلىك رايون، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىچكى موڭغۇل ئۈچۈن جۈملىدىن پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. زۇڭلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىسلاھاتىغا ۋە تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى، شۇنداقلا ئىچكى موڭغۇلدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىققا كۆڭۈل بۆلدى.

لى پېڭ زۇڭلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغان چاغدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ياخشى ئىكەن، جەمئىيەتمۇ مۇقىم ئىكەن، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا مۇشۇنداق تېنچ، گۈللىنىۋاتقان، زېمىنىنىڭ بولغانلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

دۇرۇس، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ھەقىقەتەن تىنچ ھەم ئاۋات بىر يەر، ھەر مىللەت خەلقى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا باسماقتا. خۇددى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ۋۇلجى

دوكلات قىلغاندىكى، ئاپتونوم رايون كەڭ خەلق ئاممىسىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى ۋەتەنگە باغلاپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

لى پېڭ زۇڭلى يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. قوشنا دۆلەتلەر تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، دوستانە ئالاقە قىلىپ، تىنچ - خاتىرجەم چېگرا قۇرۇشنى خالايمىز. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى چېگرا مۇھىتى يارىتىمىز. بۇلار دەل زۇڭلىنىڭ بۇ قېتىم بەش دۆلەتكە قىلغان سەپىرىدىكى مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى. لى پېڭ زۇڭلى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان زىيارىتىدە ئۈنجى قېتىم زىيارەتتە بولغان ئۆزبېكىستاندا مۇھىم نۇتۇق ئېلان قىلدى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي سىياسەت ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: ئىناق، قوشنا بولۇش- دوستانە ئۆتۈش - جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن مەڭگۈ ياخشى دوست، ياخشى قوشنا بولىمىز. لى پېڭ زۇڭلى ئوتتۇرا ئاسىيانى زىيارەت قىلغاندا ئەڭ ئاخىرى زىيارەتتە بولغان قازاقىستاندا مۇخبىرلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى قانداق ياخشى بىر تەرەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېگەن: جۇڭگودا ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادى كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلماقتا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە، دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئىناق. زىيارەتتە بىرگە بولغان دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللە خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. نەزەربايوپ زۇڭتۇڭ مۇنداق ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈردى: قازاقىستان ھۆكۈمىتى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ قازاقىستاندا جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايدۇ، پانتۈركىزمگە قارشى تۇرىدۇ.

باۋتۇدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ بولغاندىن كېيىن، لى پېڭ زۇڭلى ئالاھىدە بىللە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. يولداش ئىسمائىل ئەھمەد زۇڭلى بىلەن بىرگە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئاساسىي تەسىراتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق ئالغا باسماقتا، لېكىن مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنياغا دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىز تۈپەيلىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قانداق قىلىپ داۋاملىق كۈچەيتىش توغرىسىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە تولۇق تايىنىش كېرەك، چۈنكى ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ئاساسىي كۈچ؛ ئىككىنچى، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى كۈچلۈك ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ۋە ئېسىل ئەخلاقىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە ئۆز ۋاقتىدا، ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، ھەر مىللەتتىن بولغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغۇچى باشلامچىلاردىن بولۇپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ،

ئومۇملىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ بەشىنچى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى داۋاملىق كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

يولداش ئىسمائىل ئەھمەد سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، زۇگلى دەرھال مۇنداق دېدى: يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. ئۇ سۆزلىگەن بىر قانچە پىكىر ناھايىتى مۇھىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا خەلق ئاممىسىغا، خەلقنىڭ ئېگىزغا تايىنىش كېرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرى كۈچلۈك مۇجەسسەملىشىش كۈچىگە ئىگە. ھازىرقى دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش تۈرلۈك خىزمەتلەردە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئېيتقانلىرىنى تازا ئوبدان خەۋەر قىلىش كېرەك.

3

لى پېڭ زۇگلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا كۆڭۈل بۆلدى، شۇنداقلا ئىچكى موڭغۇلدىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قەلبداش بولدى. ۋاقىت قىستا بولغانلىقتىن كۆكخوتتىن باشقا، يىكېجاۋ ئايمىقى ۋە باۋتۇ شەھىرىنىلا كۆزدىن كەچۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە زامانىۋىلاشقان ئالاقىلىشىش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، كۆكخوت رەڭلىك تېلېۋىزىيە مەركىزىدە، تېلېۋىزور ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 12 ئايماق، شەھەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى بىلەن كۆرۈشتى. تېلېۋىزور لىنىيىسى ئېچىلغاندىن كېيىن، 12 ئايماق، شەھەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى خادىملىرى لى پېڭ زۇگلىنىڭ ئالدىدىكى ئېكراندا كۆرۈلدى، لى پېڭ زۇگلىمۇ تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق ھەر قايسى ئايماق، شەھەر رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن زۇگلى ھەر قايسى ئايماق ۋە شەھەر رەھبەرلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشتى. خۇلۇنبىر ئايمىقى، شىلىنگېلى ئايمىقى، ئالاشەن ئايمىقى، بايان ناۋئېر ئايمىقىنىڭ مەسئۇللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، لى پېڭ زۇگلىدىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە لى پېڭ زۇگلىغا خىزمەتتىن دوكلات قىلدى. ئىلگىرى قىلغان ئىشلارنى، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلارنى دوكلات قىلدى؛ مۇۋەپپەقىيەت، تەرەققىيات، تەسەۋۋۇرلىرىنى بايان قىلدى؛ قىيىنچىلىق، تەدبىر ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.... خۇشاللىق-قايغۇلىرىنى، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى لى پېڭ زۇگلىغا ئېيتتى. خۇلۇنبىر ئايمىقىنىڭ مەسئۇلى خىزمەت دوكلات قىلغاندا، كۆڭلى غەش ھالدا: كىچىك ھىنگان تېغى ئورمانلىقى يېقىندا ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. لى پېڭ زۇگلى يېقىندا ئورمانلىقتا ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشقان كەڭ ئارمىيە - خەلقتىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئالاشەن ئايمىقىنىڭ مەسئۇلى ئالاشەن ئايمىقى 1998 - يىلى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، لى پېڭ زۇگلى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا باش بولۇپ چاۋاك چالدى. جايلار زۇگلىنىڭ كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى، بىپايان يايلاققا كېلىپ، مېھمان بولۇشىنى قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلىشتى. بۇنىڭغا زۇگلى: تەكلىپىڭلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن، زۇگلى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش جياڭ يۈنباۋ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسۇن، دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى. شۇ زاماتلا تېلېۋىزور ئېكرانىداخۇشاللىق سادالىرى ياڭرىدى. تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى، زۇگلىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقى ياراتقان ئۇلۇغ تۆھپىلەردىن بىۋاستە تەسىرات ئېلىشنى، يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ۋە قويۇق مىللىي ئۆرپ- ئادىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلدى، ھەمدە زۇگلىغا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنگە ۋە پارتىيىگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

زۇگلى قانداقلىقى يەرگە بارمىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇنتۇمىدى:

- ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوندىكى

ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقىدىن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىدى. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا كۆرسەتكەن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ـ ئۇ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش كەچكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆڭۈل ئېچىشىغا قاتناشتى، كەچكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆڭۈل ئېچىش ئاخىرلىشىش ۋاقتىدا، لى پېڭ زۇڭلى سەھنىگە چىقىپ، ئارتىسلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە رەپىقىسى يولداش جۇلىن بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئېمچىسى ۋە تۇمىقىنى كىيىپ، ئارتىسلار بىلەن رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. سەھنە ئۈستىدە كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن بولدى، تۆۋەندە گۈلدۈراس سادالار ياڭرىدى.

ـ ستانوك قوشۇمچە زاپچاسلىرى باش زاۋۇتىدا، ئۇ قارشى ئېلىشقا چىققان ئامما ئارىسىغا بارغاندا، ئىشچىلارغا، بۈگۈن «1 ـ ماي» بايرىمى، مېنىڭ كېلىشىم بىلەن سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلارغا تەسىر يەتتى، دېدى. كىشىلەر «زۇڭلىنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قارشى ئالىمىز» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر خۇشاللىق كۈلكە ئاۋازى، قىزغىن چاۋاكلار ئارقىلىق جاۋاب بەردى.

ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىش مەيدانىدا، زۇڭلى ئىش مەيدانىدىكى ئىشچىلار بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشۈپ، خاتىرە قالدۇرۇشنى ئۇنتۇرىغا قويىدى ھەمدە چاقچاق قىلىپ: كادىرلار بىردەك كەلمىسۇن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار خۇشاللىق بىلەن بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيگەن زۇڭلى بىلەن بىللە تۇردى، رەسىمدە ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىتلار قالدۇرۇلدى؛ قەلبدە بولسا ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە قالدى.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سالقىن شامال دەرەخ شاخلىرىنى لىڭشىتىپ، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتتى، دەسلەپكى باھاردىكى يايلاق يېشىللىق بىلەن قاپلانغانىدى. لى پېڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شامال ۋە يامغۇرغا قارىماي، يېجىنخولو خۇشۇنىدىكى چارۋىچى ئالگدەينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. لى زۇڭلى، جۇلىن ۋە يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ئۆي ئىگىسى بىلەن كاڭدا پۇتىنى قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قىزىق سۈت چاي ئىچىشىپ، قىزغىن پاراڭلاشتى. زۇڭلى سەمىمىيلىك بىلەن ئالگدەينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى: نەچچە بالىڭىز بار؟ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟ ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى ئۆزىڭىز يەمسىز ياكى ساتامسىز؟ بىر قويدىن بىر يىلدا قانچىلىك يۇڭ قىرقىۋالىسىز؟ يۇڭنىڭ سۈپىتى، باھاسى قانداق؟ ئۆي ئىگىسى سوئاللارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى ھەمدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى زۇڭلىغا خۇشاللىق بىلەن دوكلات قىلدى: بۇ چارۋىچى ئىلگىرى لاي تام سېلىپ ئولتۇرغان بولسا، ھازىر 100 كۋادرات مېترلىق پىششىق خىشتىن ئۆي سالغانلىقىنى، ئىلگىرى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 100 يۈەنگىمۇ يەتمىگەن بولسا، ھازىر كۆپىيىپ 1200 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر ئائىلىسىدە ئات ـ كالا بارلىقى، يەنە 140 نەچچە تۇياق قوي بارلىقى، بۇنىڭدىن باشقا تېلېۋىزور، كىر يۇيۇش ماشىنىسى، ئۈچ چاقلىق دىزېل ماشىنىسى بارلىقىنى ئېيتتى ... زۇڭلى خۇشال ھالدا، «بۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە ئۆي ئىگىسىنىڭ ھەربىر ئۆيىنى كۆرۈپ چىقتى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېلىپ كەلگەن سوغات ـــ خىش چاي سوغا قىلدى. خوشلىشىش ۋاقتىدا، زۇڭلى يېڭىلا ئۆگىنىۋالغان موڭغۇلچە سۆز ـ «بايامۇتەي» (خەيرى خوش) دەپ خوشلاشتى.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لى پېڭ زۇڭلى باۋتۇدىن بېيجىڭغا قايتتى. بۇ چاغدا، يامغۇردىن كېيىنكى يايلاق يايپېشىلچىلىققا چۆمگەن، يايلاقتا قويلار مەرىشىپ، ئاتلار كىشنىشىپ تۇراتتى، ئۆستەڭ. ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلىشىپ، باھار سوناتاسىنى ياڭراتماقتا ئىدى. باھاردىكى يايلاق گوياكى بىر پارچە غايەت زور سۈرەتكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭدا يايلاق خەلقىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسى نامايان قىلىپ بېرىلگەن. (تۈرۈپ بارات. ت)

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خۇلۇڭ ژۇرنىلىمىز مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى

**مۇخبىر:** چېن مۇدىر، سىز دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قارىتا بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى قوللاندى، سىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش جەھەتتە توپلىغان تېپىك ۋە يېڭى تەجرىبىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

**چېن خۇلۇڭ:** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى جايلار مىللەتلەر خىزمىتى داۋامىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ياراتتى ۋە توپلىدى. بۇ تەجرىبىلەرنىڭ نۇرغۇنى پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، بېيىدى، بۇ جەھەتتە نەزەرىيىمۇ، ئەمەلىيەتمۇ بار. بۇلارنى ئاساسەن مۇنداق ئۇن ماددىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بىرىنچى، ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى باپباراۋەر. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ھەر قانداق ھادىسىگە يول قويۇلمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئىتتىپاق، باراۋەر، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئىناق بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇ، ھەم نەزەرىيە، ھەم ئەمەلىيەت، شۇنداقلا سىياسەت. بۇ ھەم تەلەپ، ھەم تەجرىبە. ئىككىنچى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر «ھېچقايسىسى ھېچقايسىسىدىن ئايرىلالمايدۇ» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ زېمىنىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق گۈللەندۈرگەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش. ئۈچىنچى، قىسمەن رايونلاردىكى مىللەتلەر ئارىسىدا بەزى چاغلاردا بەزىبىر زىددىيەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇنداق زىددىيەتلەر ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، جەمئىيەتتە تەسىر پەيدا قىلغان 17ـ18 ئىش كۆرۈلدى. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال بار، بىرى، تەشۋىقات، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق جەھەتتە چىققان ئىشلار كۆپرەك بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى، كۆپ ھاللاردا مىللىي سىياسەتنى بىلمەسلىك، مىللەتلەرگە ئائىت بىلىم كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ھاقارەت قىلىدىغان، مىللىي غۇرۇرغا تېگىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. يەنە بىرى، ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەت جەھەتتە بەزى ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىشلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەزىبىر زىددىيەتلەر مەيدانغا چىقتى. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ زور كۆپ ساندىكىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت، شۇڭا، ئۇچرىغانلىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى مىللىي مەسىلىگە چېتىۋالماي، بۇ خىل زىددىيەتلەرنى، ئاساسەن، تەشۋىقات تەربىيە ئېلىپ بېرىش، يېتەكلەش چارىسىنى قوللىنىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىش لازىم. قانداق مەسىلە بولسا شۇنداق مەسىلە قاتارىدا ئويلىشىش كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇھىم تەجرىبە، يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم پرىنسىپ. دەرۋەقە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر ئاشۇنداق ۋەقەلەردىن پايدىلىنىپ غەۋغا كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇ،

ئۇخشىمىغان خاراكتېردىكى مەسىلىدۇر. تۆتىنچى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئىنتايىن يۇقىرى. باش شۇجى جياڭ زېمىن: «مىللەتلەر خىزمىتىدە ۋە دىنىي خىزمەتتە كىچىك ئىش يوق» دېدى. مىللەتلەر خىزمىتى ۋە دىنىي خىزمەتتە ئىنچىكە بولۇش، ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇش، ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەسىلىلەرنى مۇمكىن قەدەر بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق تىنچ تۇرغاندا خېيىم-خەتەرنى ئويلاش، بالايىئاپەتتىن ساقلىنىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بەشىنچى، مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن دىنىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بىر قىسىم رايونلاردا مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن دىنىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتى بەكلا يېقىن بولىدۇ. چۈنكى بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە ئاز سانلىق مىللەت بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتتىن ئونى بار. شىنجاڭدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاممىۋىلىقى بىر قەدەر كەڭ. ئىچكى موڭغۇلدا لاما دىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. بىراق مىللەتلەر مەسىلىسى دېگەن مىللەتلەر مەسىلىسى، دىنىي مەسىلە دېگەن دىنىي مەسىلە، بۇ ئىككىسى ئىككى كاتېگورىيىگە تەۋە، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دىنىي جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر مىللەتلەر مەسىلىسى دەپ قارالسا، ئىشنىڭ خاراكتېرى خاتا ئايرىلغان بولىدۇ، مىللەتلەر خىزمىتى داۋامىدىكى كونكرېت مەسىلىلەر دىنىي مەسىلە دەپ قارالسىمۇ، مەسىلە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن دىنىي مەسىلىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم. قانداق مەسىلە كۆرۈلسە، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

بۇمۇ جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى. ئالتىنچى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدايدۇ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەيدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ كومپارتىيىگە بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر، بۆلگۈنچىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا، شىنجاڭدىمۇ شۇنداق. كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزمنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدۇ، بۆلگۈنچىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا، يەنە كېلىپ بۇ خىل مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بار. يەتتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-ئېلىمىزنىڭ بىر تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. ئۇ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغۇسى، يەنە كېلىپ، ئۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى. سەككىزىنچى، نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى- ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىكى تۈپ تەجرىبە ۋە تۈپ ئۇسۇل مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك: (1) دۆلەت ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىغا قارىتا بىر قاتار يۆلەش سىياسىتىنى قوللىنىش، بۇ، بەزى تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، باجنى كېمەيتىش ۋەكەچۈرۈم قىلىش، مىللىي خىراجەتكە قوشۇمچە ياردەم بېرىش، مائارىپ خىراجىتىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) تەرەققىي قىلغان رايونلار نامرات رايونلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ياردەم بېرىش، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھە،ھەرقايسى كەسىپلەر ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىغا ياردەم بېرىش. (3) ئازسانلىق مىللەتلەر رايونى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش. جايلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبىلىرى بار. مەسىلەن، يۈننەندە بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا نۇقتىلىق ياردەم بېرىش چارىسى قوللىنىلغان. يۈننەندىكى جىنو مىللىتى قۇللۇق تۈزۈمدىن بىراقلا سوتسىيالىزمغا ئۆتكەن مىللەت. بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، جىنو مىللىتى قىياپىتىنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتتى. گۇيجۇمۇ كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە، ئۇلارنىڭ شارائىتىمۇ ئىنتايىن ناچار، ئۇلار ھەرقايسى جايلار بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش،

ھەر قايسى تارماقلار ئورتاق ياردەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. گۇيجۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئالاھازەل 45 مىليون يۈەن زاپاس مەبلەغنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئاساسىدا، ئوتتۇرىغا چىقىپ ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ئالاقىدار تارماقلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق چارىلىرى بار. چىڭخەي ئۆلكىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ خېلى زور نىسبەت، ئۇلار نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىلىرىنى تۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. توققۇزىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. كۆپ خىل شەكىل، كۆپ قاتلام بويىچە تەربىيىلەش ئارقىلىق، ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. پۈتۈن مەملىكەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىزاڭنىڭ مائارىپىغا قارىتىلغان ياردەم زور بولۇۋاتىدۇ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 100 نەچچە شىزاڭ سىنىپى بار، بۇ سىنىپلار 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەرگە تارقالغان، ئۇلار شىزاڭ ئۈچۈن زاڭزۇ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتىدۇ، تەربىيىلەشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ئونىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئىگىلىك يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىش. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى 10 مىڭدەك ئىدى، 1992-يىلىغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ 2 مىليون 200 مىڭغا يەتتى.

**مۇخبىر:** ئېلىمىزدە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى قانداق؟

**چېن خۇڭ:** ئېلىمىزدە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. بۇ نۇقتا ئۈستىدە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتىگورۇپپىسىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلات تېزىسىدا بىر قەدەر يىغىنچاقلانغان بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نۇقتىنى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدىمۇ شەرھلەپ ئۆتتى. شۇڭا مەن بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. مەن نۇقتىلىق ھالدا بۇنىڭ بىر نەچچە ئىپادىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن. بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، باش شۇجى جياڭ زېمىن يىغىن بولسىلا مىللىي مەسىلىنى تەكىتلەپ كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرىدۇ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق، 3-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنلىرىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن مىللىي مەسىلە توغرىلىق مەخسۇس بىر ئابزاستىن سۆز قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋە ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ھوشيار بولۇپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەۋپسىزلىك خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ ھەممىسىدە باش شۇجى جياڭ زېمىن يەنە مىللەتلەر خىزمىتى ۋە دىنىي خىزمەت توغرىلىق خېلى كۆپ سۆزلىدى. 1994-يىل 1-ئاينىڭ 13-كۈنى، يېڭى يىل بايرىمى تۈگەپ ئۇزاق ئۆتمىگەن بىر چاغدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مەخسۇس ئاڭلىدى. يىغىندا مىللەتلەر خىزمىتى ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇق بېرىلدى، يۆنىلىش ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى، ۋەزىپە ئېنىق بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىزمىتىمىزگە

كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى ۋە مۇئەييەن خىزمەت ۋاستىلىرىنىمۇ بەردى. بۇ، مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى. ئىككىنچى، ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى، پارتكوم، ھۆكۈمەتلىرى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ھازىر پۈتۈن پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مىللەتلەر خىزمىتىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 1-ئاينىڭ 27-كۈنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. باھاردىن كېيىن، نۇرغۇن ئۆلكىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. مەن بۇ يەردە بىر نەچچە تىپىك ئورۇننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەسىلەن، خۇنەن ئۆلكىسى يىغىندىن كېيىنلا، يىغىننىڭ ئەھۋالىنى دەرھال ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلغان. ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. (1) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلغان؛ (2) كومىتېت تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەرنى، مەسىلەن، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى مىللەتلەر كومىتېتىغا ئەزا قىلىپ قاتناشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى داۋامىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىش، ھەمكارلىشىش يولى بىلەن ھەل قىلغان؛ (3) تۆۋەنگە بەلگىلىك خىزمەت ۋاستىسىنى بەرگەن. خۇبېيمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق قىلغان. خۇبېينىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار خىزمەتنى ۋىلايەت، شەھەرلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرگەن. مەسىلەن، يىچاڭ شەھىرى بۇ يىل چاڭياڭ، ۋۇفېڭدىن ئىبارەت ئىككى تۇجيازۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ سەككىز مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن، ئۇلارغا سەككىز ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەن. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بىلەن پىلان كومىتېتىمۇ بۇ ھەقتە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بېيجىڭ شەھىرى «تۆتكە خىزمەت قىلىش»نى، يەنى مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بېيجىڭگە كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە بېيجىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يولغا قويغان. بۇ «تۆتكە خىزمەت قىلىش» بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى، پايتەختنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى بىر رۇجەككە ئايلاندۇرۇپ، رادىئاتسىيىلىك رولىنى ئوينىدى. مىللىي ئىگىلىك جەمئىيىتى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار سارىيى ئاساسىدا، يەنە بىر مىللەتلەر شەھىرى قۇرماقچى بولدى. گەنسۇ نۆۋەتتە نۇقتىلىق ھالدا ئىككى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. بىرسى، مىللەتلەر خىزمىتىگە دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى؛ يەنە بىرسى، ئۆز رايونى بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى. مەركەزدىكى ھەر قايسى تارماقلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن ھەرىكەتكە كەلدى. مەسىلەن، گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىنى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىغا يۈزلەندۈرۈش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلار تەڭشەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن 594 ناھىيىنى نامرات ناھىيە قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ناھىيىسى 42 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، بۇرۇن 37 پىرسەنت ئىدى، بۇ قېتىم ئاز-تولا كۆپەيتىلدى. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا يۈزلىنىلگەنلىكنى نامايان قىلدى. دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ جەھەتتە قانداق قىلغاندا تەرەققىي قىلغان رايونلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بەرگۈزگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدى. دۆلەتلىك پەن-تېخنىكا

كومىتېتى «ئۈچقۇن پىلانى» غا بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا بەزىبىر تۈرلەرنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە، يۈزلىنىش خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەھەتتە ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىغا يۈزلىنىشنى تەلەپ قىلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى مەبلەغ جەھەتتە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن تارتىپ مەركەزدىكى ھەر قايسى تارماقلارغىچە ھەممىسى مىللەتلەر خىزمىتىگە قارىتا كونكرېت ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ بارماقتا.

**مۇخبىر:** مىللەتلەر خىزمىتىنى پۈتۈن پارتىيىمۇ تۇتسا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر قايسى تارماقلارمۇ تۇتسا، ئۇنداقتا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى نېمىنى تۇتىدۇ؟

**چېن خۇڭ:** مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ ياخشى مەسلىھەتچى، تېخىمۇ ياخشى ياردەمچى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئومۇمىيلىق جەھەتتە، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدە پىكىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، تەشۋىقاتنى، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەيدۇ، مەسلىھەتچىلىكنى، ياردەمچىلىكنى ياخشى قىلىدۇ. قىسمەنلىك جەھەتتە، تىپلارنى تۇتۇپ، سىناق قىلىشنى يولغا قويۇپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**مۇخبىر:** مەملىكىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىكەن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا ۋە مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى توغرىلىق سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

**چېن خۇڭ:** بۇ يىلقى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى — مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش. كونكرېت خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىلىق يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا 12 تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن، پەقەت ئىككى نۇقتا ئۈستىدىلا توختىلىمەن. بىرسى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك. مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدىكى چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ئايدىڭلاشتى، ھازىرقى مەسىلە — ئۇنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تۇتۇش. يەنە بىرسى، گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرماقچى، بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش يىغىنى ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يىغىنغا تەييارلىق قىلىش جەريانى — ئىتتىپاقلىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تۈپ پىكىر يولى «ئۈچ كەڭ، ئۈچ يۇقىرى» دىن ئىبارەت. «ئۈچ كەڭ» دېگىنىمىز، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ، 56 مىللەت ئارىسىدىكى ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ داغدۇغىسى كەڭ بولىدۇ، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر ۋە ھەممە جايلار كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، كۆپچىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىنى بىلىش، چۈشىنىش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى قوللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ؛ كەڭ تەشۋىق قىلىنىدۇ، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشقا سېلىنىدۇ. «ئۈچ يۇقىرى» دېگىنىمىز، ئۆلچەم يۇقىرى بولىدۇ، سەۋىيە يۇقىرى بولىدۇ، ئۈنۈم يۇقىرى بولىدۇ. بۇ قېتىم تەقدىرلىنىدىغان ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار ئورۇنلار تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ھەقىقەتەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە بولالايدىغان، باشلامچىلىق، ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رول ئوينىيالايدىغانلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**(قۇربان ياسىن . ت)    تەھرىرى: ئىدرىس بارات**

# ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى

**ـ كۇبىيالىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدىن قىسقىچە بايان**

3

199 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كۇبىيادا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونومىيە قانۇنى ياخشى بىر قانۇن بولۇپ، ئۇ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا پائال رول ئوينىدى. ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا مىللىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، جەمئىيەت داۋالغۇشتا تۇرماقتا، ۋەھالەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىملىقنى ساقلاپ تۇرالىشى، ئىقتىسادنى ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇرالىشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قاتار قانۇنلارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇقىملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. باش شۇجى جياڭ زېمىن بۆلتۈر يىل ئاخىرىدا چاقىرىلغان مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «نەچچە ئون يىللىق سىناق بۇ تۈزۈمنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە نۆۋەتتىكى ھالقىلىق مەسىلە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر يۈرۈش بولغان قانۇن ـ تۈزۈم سىستېمىسى ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە تولۇقلاپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.» بىز، ئون يىلدىن بۇيان ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىنى قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان ئىنتايىن چوڭ رولى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

لېكىن، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتى مەركىزىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە قارىتىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەزى مەزمۇن ۋە ماددىلىرى روشەن ھالدا بۈگۈنگە ماس كەلمەي قالدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى.

1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلغان «مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دائاساسلىقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم قىلىش مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە بارلىق تىرىشچانلىقنى ئىشقا سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى روھ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلدى. لېكىن، شۇ چاغدا دۆلىتىمىز پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم بەلگىلىمىلەر پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، نۇرغۇن مەزمۇنلار ئىسلاھات جەريانىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرگە ماس كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۆلەش جەھەتلەردىكى بەلگىلىمىلەر بىر قەدەر ئابستراكت بولۇپ، مەشغۇلاتچانلىقى يېتەرلىك ئەمەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992- يىل يىل بېشىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىنى شەرتلىك بەلگە قىلغان دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى، 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى رەسمىي بۇنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى سۈپىتىدە نېگىزلىك چوڭ قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇردى. 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغاندا، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرىنى مۇۋاپىق تۈزىتىشكە ۋە تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

يىغىن، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئىنتايىن مۇھىم ھەم مۇرەككەپ خىزمەت، دەپ تونۇدى. ئاپتونومىيە قانۇنىغا ياخشى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇش قۇرۇلۇشىدا ھەم دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلالايدىغان ھەم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى تولۇق ئويلىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرەلەيدىغان قىلىش؛ ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش روھىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى ماسلاشتۇرالايدىغان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن باشقا جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى ماسلاشتۇرالايدىغان قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە 14 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ھەققەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ئاساستا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق ئويلاپ يېتىشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دەپ بەلگىلىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى بۇ تەرەققىيات نىشانىغا ماسلاشالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

قانۇن ـ نىزاملىرى ساھەسىدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن ماس كېلىدىغان تەڭشەش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەمئىيەتتىكى قائىدە ـ نىزاملار توغرىسىدا بىر قەدەر مەركەزلىك مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ئىقتىساد جەمئىيەتتىكى قائىدە ـ نىزاملار پىلانلىق ئىگىلىك پرىنسىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ھەرىكىتى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مەمۇرىي ۋاسىتە ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. بازار ئىگىلىكىدە بولسا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتى پاچاقلاپ تاشلىنىپ، غەيرىي نوقۇل مەمۇرىي ۋاسىتە بىلەن تەڭشىلىدۇ. يېڭى ـ كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورۇن ئالمىشىش جەريانىدا، ئاپتونومىيە قانۇنىدا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارنىڭ كۆپىنچىسى بازار ئىگىلىكىگە ماس كەلمەيدۇ. «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار»، پايدىدىن پىرسەنت بويىچە قالدۇرۇش، زاپاس پۇل، جانلىق پۇل، مالىيەنى ئاشۇرغانلىق ياردىمى، باج كىرىمىنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش شۇنىڭدەك يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا كارخانا قۇرغاندا، شۇ جاينىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نامدا بار ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويدى. ئالايلۇق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى بايلىقنىڭ ھەقسىز ئېچىلىشى، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى يەنىلا پىلانلىق تۈزۈلمىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىماقتا. پىلانلىق تۈزۈلمە بولسا، باشقا رايون ۋە تارماقلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتا ھوقۇقنى قويۇۋېتىش، پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىقلارنى قوزغاش كۈچىدىن قالدى. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئادىل رىقابەت ئېلىپ بېرىشقا دەرمانى يەتمەيدۇ، لېكىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دەل شۇ ئادىل رىقابەت پرىنسىپىنى، رىقابەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئادىل رىقابەتكە قاتنىشالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازار رىقابىتىنى ئادىل ۋە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشى، بازاردا ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك بويىچە قانۇن چىقىرىش، كەسىپ بويىچە قانۇن چىقىرىش ھەتتا تاۋار تۈرى بويىچە قانۇن چىقىرىشنى، بازار ئاساسىي گەۋدىسى ۋە بازار ھەرىكىتى بويىچە قانۇن چىقىرىشقا ئۆزگەرتىش لازىم.

ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. شەرقىي قىسىم تەرەققىي قىلدى، غەربىي قىسىممۇ تەرەققىي قىلدى؛ دېڭىز ياقىسى، چېگرا ياقىسى ۋە دەريا ياقىسىدىكى جايلار تەرەققىي قىلدى، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى، لېكىن توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا، شەرقىي ۋە غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرق بارغانسېرى زورايماقتا. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، مەلۇم مەزگىلگىچە پەرق يەنىلا داۋاملىق زورىيىشى مۇمكىن، بىز، بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. لېكىن شۇنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئەگەر پەرق بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، بەلكى ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملىق كېڭەيسە، مۇقەررەر ھالدا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىسىز بولغان تەسىر قوزغىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسەتنى تەڭشەش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشىمىز، قانۇندىن ئىبارەت بۇ پىشاڭ ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مېخانىزمىنى قوزغىشىمىز، بۇنىڭ بىلەن پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ تەلەپلىرىگە ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دەپ قارىدى: ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىقمۇ ـ يوق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىقمۇ ـ يوق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىقمۇ ـ يوق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ

ئورتاق گۈللىنىشكە پايدىلىقمۇ - يوق دېگەن مەسىلىلەرنى مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشىمىز، مۇشۇ ئۆلچەم ئاساسىدا، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا خېلى زور تەرەققىياتلار بولغان بولسىمۇ يەنىلا نامرات، قالاق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە كىرىشكە پايدىلىق بولۇش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونوم ئورگانلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا پايدىلىق بولۇش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ قانۇنىي ئۈنۈمىنى ۋە كۈچىنى شۇنىڭدەك مەشغۇلاتچانلىقىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئۇنى ئىمكان قەدەر كونكرېتلاشقان، مىقدارلاشقان قىلىپ تۈزۈپ چىقىشىمىز، چۈشىنىكسىز ئۇقۇملاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

«ئاپتونومىيە»— ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ قانۇن چىقىرىش مۇددىئاسى. ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق بولسا، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازارغا كىرىشى، رىقابەتكە قاتنىشىشى ئۈچۈن، دۆلەت زور كۈچ بىلەن يۆلىشى ۋە ياردەم بېرىشى، تەرەققىي تاپقان رايونلار كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىشى، بولۇپمۇ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگەقىلىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشى لازىم. ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى بايرىقى روشەن ھالدا بەلگىلەپ بېرىش، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى — «ئاساسىي قانۇن»نىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ئاساسىي قانۇنلاردىن بىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ باشقا مەخسۇس قانۇنلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىش لازىم. ئەگەر مەخسۇس قانۇنلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى جەھەتتىكى بەلگىلىمىلەر يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ھەم ئانچە ئېنىق بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى كۈچلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقا مەمۇرىي قانۇن - نىزاملار ۋە سىياسەت بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىغا ئارىلىشىش ۋە دەخلى- تەرۇز يەتكۈزۈش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت ۋە تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە، مانا بۇ دەل ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشتىكى ئەۋزەل شارائىتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن كەمبەغەل، ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇپ، دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە يۆلىشىنى بولۇپمۇ بۇ خىل ياردەم بېرىش ۋە يۆلەشنى قانۇنىي شەكىل بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى دۆلەت تېخىمۇ ئېنىق ھالدا قانۇنىي شەكىل بىلەن قوغدىشى، بايلىقلارنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشتا ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىشى ۋە ھوقۇقنى قويۇۋېتىپ پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشى لازىم. ۋەھالەنكى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاپتونومىيە قانۇنىدا پەقەت ئاپتونوم ئورگانلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى «باشقۇرۇشى ۋە قوغدىشى»لا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونوم ئورگانلارمۇ دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك ئورگىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش، قوغداش ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقىمۇ بولۇشى لازىم. ھەرقانداق ئورۇن ۋە تارماق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىپ بايلىق ئاچسا، بايلىق ئىگىسى بايلىق ئېچىشتىن كەلگەن پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشىشى لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ يوشۇرۇن بايلىق ئەۋزەللىكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى، مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەرەققىي تاپقان جايلار بىلەن بولغان پەرقنى تەدرىجىي ئازايتقىلى، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىشكە قاراپ ماڭغىلى بولىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، يىغىپ ئېيتقاندا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى، ئىقتىساد راۋاج تاپمىسا ئاپتونومىيە دېگەننىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. يولداش جياڭ زېمىن بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا، مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ساقلانغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ ھەل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى جەزمەن پۇختا ئىگىلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنى تەدرىجىي ئازايتىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.... سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەسلى ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقى بىر مەزگىل چوڭىيىشقا قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىگە دىققىتىمىزنى قوزغىشىمىز، تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، تەدبىر تېپىشىمىز لازىم.» ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى، تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تەڭشىشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. بازار ئىگىلىكى بازارنىڭ بايلىقنى ياخشى تەقسىملىشىنى ، باراۋەرلىكتە رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش ۋە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى تەكىتلىگىنى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇقەررەر. بىز چوقۇم ئىسلاھاتنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بازار مېخانىزمى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ ياردەملەرنى بېرىشىمىز لازىم. بۇنداقتا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن كونكرېت ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات پىلانى شۇنىڭدەك مالىيە، پۇل - مۇئامىلە، باج قاتارلىق ماكرولۇق تەڭشەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى يۆلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قارىتا ماكرولۇق تەڭشەش تەدبىرىنى قوللانغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھازىرقى ھالىتىنى ئەتراپلىق ئويلاپ، رايونلار ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە تەڭشەش سالمىقى جەھەتتە پەرقنى گەۋدىلەندۈرۈشى ھەم ئېتىبار بېرىش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن نەچچە يىل ئىلگىرىلا دېڭىز ياقىسى، دەريا ياقىسى (جۇجياڭ، چاڭجياڭ دېلتىسى)، چېگرا ياقىسى رايونلىرىنى نوقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھازىر دېڭىز ياقىسى ۋە دەريا ياقىسىنىڭ مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى، نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە رايونلار تەسىس قىلىندى ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە سىياسەتلەر بېرىلىپ، ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. چېگرا رايونلىرىدا بولسا، ئاز ساندىكى رايونلاردا بىر قىسىم ئېغىزلار ئېچىلغاندىن سىرت بىرمۇ ئالاھىدە رايون يوق. ئالاھىدە سىياسەتمۇ يوق، يەنىلا ئىچكى رايونلار بىلەن ئوخشاش «بىر تاياقتا ھەيدەش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش قالاق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاستا بولۇپ، دېڭىز ياقىسى ۋە دەريا ياقىسى بىلەن بولغان پەرق روشەن ھالدا چوڭايماقتا. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، ئاپتونومىيىلىك جايلار چېگرا سودىسىنى

راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، تاشقى سودىنىڭ كېڭەيتىشى، سىرتقا قارىتا ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ كېڭەيتىش، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تاشقى سودا مونوپول قىلىش تۈزۈلمىسىنى بۆسۈپ تاشلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ئويلىشىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر بولۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، تولۇقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇقلىشىمىز لازىم.

«ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، قانۇن بولسىمۇ بويسۇنماسلىق، قانۇن ئىجراسى قاتتىق بولماسلىق مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدا ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش يېتەرسىز بولۇش، بىر قىسىم كىشىلەردە قانۇن كۆز قارىشى سۇس بولۇش قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا يەنە بىر ئاساسلىق ئامىل، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىجراسىغا نازارەتچىلىك قىلىش مېخانىزمى كەمچىل، ئاپتونومىيە قانۇنىدىمۇ بۇ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ھەققىدە قانۇنىي ماددا يوق. قانۇننىڭ نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى قۇرغاندا، تولۇقلىغاندا ۋە قانۇن جاۋابكارلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىلا، قانۇن بولغان ئىكەن جەزمەن ئۇنىڭغا ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا جەزمەن قەتئىي بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغىلى بولىدۇ.

يىغىن شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، بارچە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل ئىدىيىۋى لۇشيەنى. شۇنداقلا، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا جەزمەن ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتە مۇۋەپپەقىيەت ئۆلكىسى دۇنيادا تېخى بولۇپ باقمىغان بولۇپ، يەنىلا ئۆزىمىزگە تايىنىپ ئىزدىنىمىز. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان مىللىي قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارنى قانداق تۈزۈش مەسىلىسىدىمۇ ئوخشاشلا تەييار قېلىپ يوق بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئۆزىمىزگە تايىنىپ ئىزدىنىمىز. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇش، پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي قانۇن سىستېمىسىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلۇشى شەرت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. دېمەك بۇلار، بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدە مەنپەئىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد قانۇنى تۇرغۇزۇش ئىشلىرىغا پائال ئارىلىشىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان بىر قاتار مىللىي ئىقتىساد قانۇنى ۋە قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇپ؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلەشكەن قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزىتىش، تولۇقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇن سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز، بۇ قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى قۇرۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

(ئالىم خەسەنى ت)

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى



# خۇيزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان، ئۆمەرجان توختى

خۇيزۇلار ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئومۇمىي ئاھالىسى 8 مىليون 602 مىڭ 978 (1990-يىلدىكى سان) بولۇپ، ئاساسەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا، قالغان كۆپ قىسمى گەنسۇ، خېنەن، شىنجاڭ، چىڭخەي، يۈننەن، خېبېي، شەندۇڭ، ئەنخۇي، لياۋنىڭ، بېيجىڭ، ئىچكى موڭغۇل، خېيلۇڭجياڭ، تيەنجىن، جىلىن، شەنشى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

خۇيزۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مىللەت بىر ياكى ئىككى بولماستىن، بەلكى ئۇلار كۆپلىگەن ئوخشىمايدىغان مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىڭ يىللىق دەۋرىدە قوشۇلۇشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن.

خۇيزۇلار «خۇيخۇي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ مەنبەسىنى 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ سۈرۈشتە قىلىش مۇمكىن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىتابلاردىمۇ خۇيزۇلار خۇيخۇي دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى پۈتۈكلەردىمۇ ھەم خۇيخۇي دېگەن بۇ نام داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن.

ئەينى چاغدا بىر تۈركۈم ئەرەبلەر بىلەن پارسلار جۇڭگوغا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا باشلىغان، ئۇلار سودا-سېتىق ئاقىدىغان ۋە دېھقانچىلىق قىلىشقا ئەۋزەل جايلارنى تاللاپ گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، خاڭجۇ، ياڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ «فەنكې» (番客، چەت ئەللىكلەر) دەپ ئاتالغان.

13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل ئىمپېراتورى چىڭگىزخان غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغان چېغىدا، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زور تۈركۈمدىكى مىللەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان. مۇشۇ جەرياندا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى، پارسلار ۋە ئەرەبلەر

موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ھەر خىل «مۇداپىئە قوشۇنى» ۋە «قېرىنداشلار قوشۇنى» بولۇپ قورۇلۇپ، موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن جۇڭگوغا كىرگەن. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇلارنى جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگودىكى باشقا رايونلارنى، بولۇپمۇ غەربىي جەنۇبتىكى كەڭ جايلارنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەمدە يۈننەن قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا، شۇنداقلا ئۇقتىسلىق ھالدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ستراتېگىيىلىك قورشاۋنى يولغا قويغان ھەمدە ئالدى بىلەن يۈننەننى ئىگىلەپ، ئورغۇنلىغان خۇيخۇيلارنى يۈننەنگە ئېلىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن يۈننەن خۇيخۇيلارنىڭ مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق رايونلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، خۇيخۇي قوشۇنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرقايسى جايلارغا بۆلۈنۈپ شەھەرلەرنى قوغداش، ئىسكىلاتلارنى قوغداش، بوز- يەر ئېچىش، قاتناش-توشۇشقا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ جايلاردا ماكانلىشىپ قالغان. خۇيخۇيلار ئەنە شۇنداق ماكانلىشىش، نىكاھلىنىش ۋە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى سەۋەبى بىلەن خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن قەدەممۇ-قەدەم قوشۇلۇش ئارقىلىق راۋاج تېپىپ، ئىنسانلارنىڭ يېڭى بىر ئورتاق گەۋدىسى خۇيزۇ مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

دەسلەپتە سۈيۈلى ۋە موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن كىرگەن خۇيخۇيلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى ۋە جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدا قەدەممۇ-قەدەم ماكانلىشىپ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى باشلاپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپەيگەن بولسا، قۇرۇقلۇق ئارقىلىق كىرگەن خۇيخۇيلار يىپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ ماكانلىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق كەسپلەر بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىرى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم خۇيزۇلار ئوخشاش دىندىكى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭدا كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نىسبەتەن يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ شىنجاڭغا كۆپلەپ كۆچۈپ چىققان.

## تىل - يېزىقى

تىل جەھەتتە، خۇيخۇيلار تارىختا تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان تىللارنى قوللانغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئەرەب تىلى، پارس تىلى ھەم خەنزۇ تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىشىدىغان ئەھۋاللار بولغاچقا، ئۇلاردا بىر خىل قولايسىز شارائىت شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئۇلاردا ئورتاق بىر خىل تىلنىڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

خۇيخۇيلار ئۇزاق مۇددەت خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۇلاردا خەنزۇ تىلى تەركىبى كۆپىيىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا داۋاملىق ئەسلىدىكى ئوخشاش بولمىغان تىللارنى قوللىنىش قولايسىز بولغاچقا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئالماشتۇرۇش، چۈشىنىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى تىل يېزىقنى قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقنى ئورتاق ئىشلىتىشكە باشلىغان. غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى خۇيزۇلارنىڭ يەرلىك شىۋىلىرىدە يەنە ئازساندا ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە سۆزلەرمۇ بار.

ئومۇمەن ئالغاندا، خۇيزۇلارنىڭ تىلى خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسى خەنزۇ تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. خەنزۇ يېزىقنى قوللىنىدۇ.





## دىن ئېتىقادى

خۇيزۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ، مەسچىتلىرىدە ئىمام، مەزىنلەر بولۇپ ئۇلار جامائەتنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە ياشانغانلار ۋە ياش دىنىي زاتلار كۈندە بەش ۋاق ناماز پەرھىزنى ئادا قىلىدۇ. بولۇپمۇ خۇيزۇلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، مەسچىتلەرنى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بېزەپ بۇ جايلارنى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئاسراپ قېلىشنى ۋە دىنىي مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئالاھىدە داغدۇغىلىق ئوقۇيدۇ، خۇيزۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلى ئاساسىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ دىنىي قائىدىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان.

## ئۆرپ ـ ئادىتى

ئېلىمىزدىكى خۇيزۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە مىللەتتىن كېلىپ چىققاچقا، مەدەنىيىتى غەربىي ئاسىيا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغان، لېكىن بۇ جەھەتتىمۇ قايتا ـ قايتا ئۆزلىشىش، تولۇقلىنىش ئارقىلىق ھازىرقى مەدەنىيەت ھالىتى بارلىققا كەلگەن. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن ئۇزاق مەزگىل ئارىلىشىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىنىپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئىسىم ـ فامىلىسى جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن، شەھەر خۇيزۇلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچىكى ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سەل ـ پەل پەرقلىنىدىغان يەرلىرىمۇ بار. خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئادەتتە ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ئەرلەر ئاق شاپاق دوپپا، مانچېستىر بۆك، ئاق كۆڭلەك، كۆك ياكى خورمارەڭ جىلىتكە كىيىدۇ.

ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ئاياللار ئاساسەن قارا چاپان كىيىدۇ. ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى بوغۇۋالىدۇ. بېشىغا ئاق، خورمارەڭ لېچەك سالىدۇ ياكى ياغلىق ئورىۋالىدۇ. توي قىلغان ئاياللار ئادەتتە چېچىنى ئۆرۈۋالىدۇ، ياغلىق ئارتمايدۇ، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئاياللار رەڭگى شوخ، گۈللۈك كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشكە، ھالقا، ئۈزۈك قاتارلىق ئالتۇن زىبۇ، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشقا ئامراق.

خۇيزۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مول بولۇپ، خەلق ئارىسىدا قوشاق، ھېكايە، رىۋايەت، مەسەل قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ خۇيزۇلارنىڭ «خۇائېر» (گۈل ناخشىسى) قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە، خۇيزۇلار كالا، قوي، تۆگە، توخۇ، ئۆردەك، غاز، بېلىق قاتارلىق جانلىقلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىدۇ. بېلىقتىن باشقا بوغۇزلانمىغان، قائىدە بويىچە سويۇلمىغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، خۇيزۇلار ئادەتتە سوزغان لەغمەن، كەسكەن لەغمەن، ئۈزۈپ تاشلاپ ئەتكەن سۇيۇقئاش، ھورنان، قازان قاتلىمىسى، قاسقان قاتلىمىسى قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىپ يەيدۇ. ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا مېھمانلارنى ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر، پېچىنە ـ پىرەنىك، فىنتاڭ بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، قىش كىرىشتىن ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر ئاچاسەي، تۇزلۇق سەي چىلىۋېلىپ، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرى يەيدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى خۇيزۇلاردا يىگىت ـ قىزلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن نىكاھ قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يىگىت-قىزلار ئەركىن مۇھەببەتلىشىدىغان بولدى. توي كۈنى مېھمانلارغا زىياپەت بېرىلىدۇ. توي كۈنى يىگىت توي قىلغان بىر ياشنى قولداش قىلىپ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا سالام بېرىدۇ. قىز توي قىلمىغان بىر قىزنى قولداش قىلىدۇ. قىزنىڭ ھامملىرى ۋە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرى قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ، ئاتا-ئانىسى بارمايدۇ. توي قىلىش ۋاقتىدا توي خېتى ئېلىش رەسمىيىتى ئۆتەلگەندىن باشقا، يەنە دىنىي ئادەت بويىچە نىكاھ ئوقۇلىدۇ.

خۇيزۇلار ئۆلۈمنى تېز ئۇزىتىدۇ، مېيىتنى گۆر كولاپ يەرلىكىدە قويىدۇ. ئادەتتە ئەتىگەندە قازا قىلغان بولسا پىشىنغا ئۆلگۈرتۈپ چىقىرىدۇ، كەچتە قازا قىلغان بولسا بامداتقا ئۆلگۈرتۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن مېيىت ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرغۇزۇلمايدۇ، مېيىت يەرلىكىدە قويۇلۇپ 3-، 7-، 15-، 30-، 40-كۈنلىرى ۋە 100 كۈن، بىر يىل بولغان كۈنلىرى ئادەتتە دىنىي قائىدە بويىچە خەتمە قۇرئان ئوقۇلىدۇ ھەمدە مېيىتقا ئاتاپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر يىلى ھېيت-ئايەملەردە ئۇرۇق -تۇغقانلار تۇپراق بېشىنى يوقلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مېيىتنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، ئارزۇ -ئۈمىدلىرىنى ئېيتىدۇ ھەم ياش تۆكىدۇ. خۇيزۇلار دىنىي قائىدە بويىچە قۇربان ھېيتىنى كىچىك، روزى ھېيتنى چوڭ دەپ قارايدۇ.

ھېيت كېلىش ھارپىسىدا ھەممە ئائىلىلەر تازىلىق قىلىدۇ. ھېيتلىقچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ساڭزا، قۇيماق ۋە پېچىنە-پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇپ تەييارلايدۇ. ھېيت كۈنلىرى چىرايلىق كىيىنىپ ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئائىلىنىڭ چوڭ باشلىقلىرى بولۇپمۇ چوڭ مۆتىۋەرلەر سىرتقا چىقمايدۇ، ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ياش قۇرامىغا قاراپ ئۇيۇشتۇرۇپ ھېيتلاشنى باشلايدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى چوڭ ئائىلىنى، ئىككىنچى كۈنى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، ئۈچىنچى كۈنى يېقىن-دوست-بۇرادەرلىرىنى ھېيتلايدۇ.

خۇيزۇلار بالا تۇغۇلغان ھامان ئۇنىڭغا دىنىي ئىسىم قويىدۇ. رەسمىي ئىسمىنى مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا قويىدۇ. ئوغۇل بالا يەتتىگە توشقاندا خەتنە قىلىنىدۇ. قىز بالا يەتتە ياشقا توشقاندا قۇلىقىنى تېشىدۇ. تىرناقلىرىغا خېنە ياقىدۇ. خۇيزۇلار ئەدەب-قائىدىلىك، قىزغىن، مېھماندوست كېلىدۇ. چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدۇ، چوڭلارغا قول باغلاپ تازىم قىلىدۇ، تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاماقتىن ئىلگىرى ۋە تاھارەتتىن كېيىن قولىنى يۇيىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىز تۇتىدۇ، بولۇپمۇ ئىچىدىغان سۇنىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىككى كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان سۇنى ئىستېمال قىلمايدۇ.

## ئاپتونوم جايلىرى

**نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى** — 1958-يىل 10-ئاينىڭ 25-كۈنى قۇرۇلغان، شىمالىي ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي جەنۇبىي گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن، شەرقىي قىسمى شەنشى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، مەركىزىي يىنچۈەن شەھىرى، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 66 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر. خۇيزۇلاردىن باشقا مانجۇ، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئولتۇراقلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز تۆزلەڭلىك، خېلەنشەن تېغى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، ليۇپەنشەن تېغى جەنۇبقا سوزۇلغان، خۇاڭخې دەرياسى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. كلىماتى قۇرغاق يېرىم قۇرغاق پەسىللىك ھاۋا كلىماتىغا مەنسۇپ، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 100-400 مىللىمېترغىچە بولىدۇ. دېھقانچىلىقتا بۇغداي، شال، قوناق، كۆممىقوناق، زىغىر قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. چارۋىچىلىق ئىشلىرى خېلى تەرەققى قىلغان. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات ناھايىتى مول بولۇپ، چۈچۈك بۇيا، ئېلىمگەن تېرە، قالقات، خېلەن تېشى، فاسىيلەر نىڭشيانىڭ بەش گۆھىرى ھېسابلىنىدۇ. كان مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، تۇز، ئالتۇن، كۈمۈش، ئاليۇمىن قاتارلىقلار چىقىدۇ. سانائەت تۈرلىرىدىن، ئېلېكتىر كۈچى، ماشىنىسازلىق، مېتاللورگىيە، يۇڭ

توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سىستېمىلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، زور دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان. تاشيول قۇرۇلۇشى يىنچۈەن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەر تەرەپكە تۇتاشتۇرۇلۇپ، ترانسپورت ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، باۋتوۋ-لەنجۇ تۆمۈريولى بۇ رايوندىن ئۆتىدۇ، يىنچۈەندىن بېيجىڭ، لەنجۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تۇتاشقان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى تەرەققىي قىلىپ، ھاۋا قاتنىشىدا زور تەرەققىياتلار بولغان.

ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن يىنچۈەن، شىزۇيشەن، ۋۇجۇڭ، چىڭتوڭشيا، گۇيۈەن قاتارلىقلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇ رايوننىڭ مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، پوچتا-تېلېگراف قاتارلىق ئىشلىرىمۇ بۇرۇنقىغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان.

مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەردىن چىڭتيەن مۇنارى، شۇمىسەن غارى، ليۇپەنسەن ۋە 108 مۇنار قاتارلىقلار بار.

**لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** — 1956-يىل 11-ئاينىڭ 19-كۈنى قۇرۇلغان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسى، گۇاڭخې ناھىيىسى، دوڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى، يۇڭجىڭ ناھىيىسى، جىششىيەن باۋئەن-دوڭشياڭ سالار ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق بەش ناھىيە ۋە لىنشا شەھىرىدىن ئىبارەت بىر شەھىرى بار. ئوبلاست مەركىزى لىنشيا شەھىرىگە جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7983 كۋادرات كىلومېتر، تەۋەسىدە خۇيزۇلاردىن باشقا يەنە دوڭشياڭ، باۋئەن، سالار، تۇزۇ، زاڭزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان.

**سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** — 1954-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى قۇرۇلغان. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 77 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتر، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت سانجى شەھىرىگە جايلاشقان. ئوبلاستتا سانجى شەھىرى، گۈچۈڭ، فۇكاڭ شەھىرى، مىچۈەن، جىمسار، قۇتۇبى، ماناس، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ئىككى شەھەر، ئالتە ناھىيە قارايدۇ.

**يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى**— 1954-يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلغان. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. بۇ ناھىيە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، يەنجى ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، ناھىيىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. يېرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ. يەر مەيدانى 210 مىڭ كۋادرات كىلومېتر، ئاپتونوم ناھىيىگە قاراشەھەر بازىرى، بېيداچۇ، ئوخاۋچۇ، يوڭنىڭ، دىنزىل، بورقاي، چاغانچىكە، شېگشىن، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە ئورمانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت بىر بازار، يەتتە يېزا، بىر مەيدان، بىر فېرما قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايون، بايىنغولىن ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2-شىسى قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق 13 كارخانا ۋە كەسپىي ئورون بار.

**داتۇڭ خۇيزۇ-تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1986-يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى قۇرۇلغان. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، چىلىيەنشەننىڭ جەنۇبىدىكى خۇاڭشۇي ئېقىن ساھىلىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى خەيئەن ۋە خۇاڭجۇڭ ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى شىنىڭ شەھىرى بىلەن، شىمالىي تەرىپى مىنيۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر مەيدانى 3084 كۋادرات كىلومېتر، ئاپتونوم ناھىيىدە خۇيزۇ ۋە تۇزۇلاردىن باشقا زاڭزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسىمۇ ئولتۇراقلاشقان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چياۋتۇ بازىرىغا جايلاشقان.

**خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1954-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى ئاپتونوم رايون بولۇپ قۇرۇلۇپ، 1955-يىلى ئاپتونوم ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي، خۇاڭخېنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى فىنچى ناھىيىسى بىلەن شىمالىي

تەرىپى گۇيدى ناھىيىسى ۋە خۇالۇڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىمال ۋە شىمالىي تەرىپى چىڭخەي، لېدۇ ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى خۇاڭخې دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر مەيدانى 2740 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇلاردىن باشقا يەنە زاڭزۇ، سالار، دۇڭشياڭ، باۋئەن، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. خەلق ھۆكۈمىتى بايەن بازىرىغا جايلاشقان.

**مىنيۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1953-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى قۇرۇلغان. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. چىلىيەنشەن تېغى بىلەن داپەنشەن تېغىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. يەر كۆلىمى 8620 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇلاردىن باشقا يەنە زاڭزۇ، تۇزۇ، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خاۋمېن بازىرىغا جايلاشقان.

**مېڭسۇن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1955-يىل 11-ئاينىڭ 30-كۈنى قۇرۇلغان. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي تەرىپى بىلەن جەنۇبىي تەرىپى يەنشەن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى نەنپى ۋە لىناڭشەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى بىلەن شەرقىي شىمال تەرىپى خۇاڭخۇا، خېيشىڭ ناھىيىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 375 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇلاردىن باشقا يەنە خەنزۇ ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. خۇيزۇلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 22.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**مىنخې خۇيزۇ-تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1986-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى قۇرۇلغان. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 1890 كۋادرات كىلومېتىر، ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇ ۋە تۇزۇلاردىن باشقا يەنە زاڭزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان.

**ۋېينىڭ خۇيزۇ-يىزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1954-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى قۇرۇلغان. گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمالىي خېجياڭ ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي شۇيچېڭ شەھىرى بىلەن، جەنۇبىي يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شۈەنۋېي ناھىيىسى بىلەن، غەربىي يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇيزې ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جاۋتۇڭ رايونىدىكى يىلاڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاپتونوم ناھىيىگە قاراشلىق 11 رايون، بىر بازار بار. دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 2200 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ، يەر كۆلىمى 6192 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇ-يىزۇ - مياۋزۇلاردىن باشقا يەنە بۇيى ۋە خەنزۇ ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چېڭگۈەن بازىرىغا جايلاشقان.

**ۋېيشەن خۇيزۇ-يىزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1956-يىل 11-ئاينىڭ 9-كۈنى قۇرۇلغان. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. يەرمەيدانى 2200 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇ ۋە يىزۇلاردىن باشقا يەنە بەيزۇ، مياۋزۇ، لىسۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋېيچېڭ بازىرىغا جايلاشقان.

**شۇنشۇن خۇيزۇ-يىزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1979-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى قۇرۇلغان. يۈننەن ئۆلكىسى كۈنمىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 3700 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇ ۋە يىزۇلاردىن باشقا يەنە مياۋزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رېندې بازىرىغا جايلاشقان.

**جاڭجاچۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** — 1953-يىل 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاپتونوم رايون بولۇپ قۇرۇلۇپ، 1955-يىلى ئاپتونوم ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەنشى ئۆلكىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر مەيدانى 1292 كۋادرات كىلومېتىر، ناھىيە تەۋەسىدە خۇيزۇلاردىن باشقا زاڭزۇ، سالار، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جاڭجاچۈەن بازىرىغا جايلاشقان.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

# دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ خىسلىتى

ئەلشىر نەۋايى

شۇنداق بىر مەشھۇر ۋەقە باركى، چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى ئۆزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقىتكى، بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى. ئاندىن خارازمشاھنىڭ پۇقرالىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. جەبرى - زۇلۇم دېڭىزى قەھرى - غەزەپ قاينامىلىرىنى ھاسىل قىلدى. ئاتا ئوغلىدىن، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى. ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچ يەردە تىنچ ئامانلىق قالمىدى.

ئەلقىسسە، شۇ ۋاقىتلاردا شاھ شەھرىدە بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى جېنىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ئۇلارمۇ بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ قەتلى ئام قىلغۇچى سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ سىپاھلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ۋە قانىللىق خۇمارى تۇتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئىككى دوست ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. جاللاتلار بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ كېلىشتى. بۇ ئىككى دوست بىر بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، يەنە بىرى نالە قىلغان ھالدا:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۇزۇنراق ياشىۋالسۇن — دەپ يالۋۇردى.

جاللات بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ بېشىغا قىلىچ تەڭلەپ كەلگەندە ئالدىنقىسى نالە قىلىپ، ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى تىلەپ تۇرۇۋالدى:

— خۇدا ھەققى، ئۇنى بالدۇر ئۆلتۈرمىگىن، ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇنىڭ جان ئازابى تارتىپ قىينالغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاب، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

دەل شۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇخلاۋاتقان ئىدى، بۇ ئىككى دوستنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا، بىرەيلەن چىڭگىزخانغا: «بۇ ئىككىسىدىن مېھر - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق يولىنى ئۆگەن، خالايىققا جەبرى - زۇلۇم قىلىشىڭنى توختات، خارەزمشاھ سەن بىلەن ئۆچەكىشكەن بولسا، بۇ ئىشتا خالايىقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئىككى پادشاھ ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن جاھاننى بۇزۇپ، خاراپ قىلدىڭلار، بۇ ئىككى دوست بولسا بىر - بىرىگە مېھر - مۇھەببەتنى بېغىشلاپ، ساداقەت - ۋاپادارلىق كۆرسىتىشتى. بۇلاردىن ئىبرەت ئال» دەپ بىشارەت بەردى. چىڭگىزخان ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، قەتلى ئام قىلىشنى دەرھال توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇ ئىككى دوستنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقىدىن بىر مەملىكەتنىڭ خەلقى بالا - قازادىن نىجاتلىققا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ چىن دوستلۇقى باشقا دىندا بولغان بۇ قەتلى ئام قىلغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئالەم خەلقىنىڭ تىنچ ئامانلىقىغا سەۋەبچى بولدى. ھەرقانداق بىر كىشى دوستلۇق ئىتتىپاقلىق يولىنى تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇلارغا بۇ ھېكايە مەڭگۈ يەتكۈدەك دەرس بولالايدۇ.

«سەددى ئىسكەندەر»دىن تەييارلىغۇچى: يارمۇھەممەت تاھىر

تەھرىرى: **ئەكبەر ئېلى**




# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بەش ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت

## ئىستىقباللىق زېمىن ـ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەريانىدا، ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتىۋالدى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى 1954 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى (جەمئىي 24 ناھىيە، شەھەر) قارايدۇ. ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 650 مىڭ بولۇپ، قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك قاتارلىق 47 مىللەت بار.

40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى؛ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ، چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. 1993 ـ يىلى، ئوبلاست بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليارد 264 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوبلاست قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىكىدىن 8.27 ھەسسە ئاشتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 645 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.33 ھەسسە ئاشتى. مالىيە كىرىمى 557 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.57 ھەسسە ئاشتى، مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 77 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 45.83 ھەسسە ئاشتى، ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.47 ھەسسە ئاشتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 2792 يۈەنگە يېتىپ، 5.2 ھەسسە ئاشتى، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليون 564 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 4.43 ھەسسە ئاشتى، يىل ئاخىرىدىكى تىرىك چارۋا سانى 10 مىليون 220 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1.41 ھەسسە ئاشتى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 787 يۈەنگە يېتىپ، 13.57 ھەسسە ئاشتى. ھازىر، ئوبلاست سىياسىي جەھەتتە



مۇقىم، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلىۋاتقان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ سۈرئىتى قەدەممۇ قەدەم تېزلىشىۋاتقان، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ياخشى راۋاجلىنىش بارلىققا كەلگەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىنىۋاتقان، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلىشىۋاتقان، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى داۋاملىق يۈكسىلىۋاتقان، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆسكەن، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە تۇرماقتا. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى جۇشقۇن روھ بىلەن كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىپ، گۈللەپ ياشنىماقتا.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 51.72 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ سۇ ۋە تۇپراق بايلىقى مول، ئوبلاست بويىچە تېرىشقا بولىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 30 مىليون مودىن ئارتۇق، ئورمان 13 مىليون 330 مىڭ مو، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىش مىقدارى 36 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 7 مىليارد 912 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق يېغىن مىقدارى 214 ـ 260 مىللىمېتىر بولۇپ، بۇ جاي ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىش ئىستىقبالى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئاشلىق، چارۋا، شېكەر ماتېرىياللىرى، ئورمان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئوبلاستتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ھازىر بار دۆلەت كارخانىلىرى 3800 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكىلىرى 13 كە يېتىدۇ. ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ئوبلاستتىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1993 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 768 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بىرقەدەر ياخشى بولغان جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق قوشنا دۆلەتتىكى خەلق بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان سودا - سېتىق ئېلىپ بېرىش ۋە دوستانە بېرىش - كېلىش ئالاقىسىدا بولۇپ كەلگەچكە، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. ئىلگىرى، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدا قورغاس، باقتۇ، جىمىنەي قاتارلىق قۇرۇقلۇق يولى ئېغىزى ۋە سەندۇخوزا، بۇرچىن سۇ يولى ئېغىزى ئېچىلغانىدى. 60 - يىللاردىن كېيىن بىر مەھەل ئېتىۋېتىلگەن. 1983 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، قورغاس ئېغىزى قايتا ئېچىۋېتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكشكىن، باقتۇ، جىمىنەي ۋە قىزىلتاۋ ئېغىزلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىۋېتىلدى. 1993 - يىلغىچە، ئوبلاست بويىچە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرى سەككىزگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس بىلەن باقتۇ ئېغىزى دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى قىلىندى. ھازىر ئوبلاست بويىچە چېگرا سودىسى تىجارەت ھوقۇقىغا ئىگە بولغان تاشقى سودا شىركەتلىرى ۋە سانائەت كارخانىلىرى 16 گە يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئوبلاست دائىرىسىدىكى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان كارخانىلار چېتىلىش ۋە ۋاكالەتچىلىك شەكلى بىلەن چېگرا سودىسىغا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە كۆپ ئېغىزلىق، كۆپ قاناللىق، كۆپ خىل شەكىللىك چېگرا سودىسى ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە دۆلەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئاپتونوم ئوبلاستنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىناق قىلىش رايونى قىلىپ بېكىتتى. تەلەپ بويىچە، 1994 - يىلىدىن 1996 - يىلغىچە، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدۇ، ھەممە مۇھىم نۇقتىلار ۋە بۆسۈش ئېغىزلىرى تېپىپ چىقىلدى، بۇ، ئوبلاستنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرىنچى پۇرسەتتۇر.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچلۇق بىر ئامىلى— ئادەملەرنىڭ ساپاسى مەسىلىسى، شۇنداقلا كادىرلار قوشۇنى مەسىلىسىدۇر. 40 يىلدىن بۇيان، ئوبلاست 110 مىڭ كىشىلىك زور كادىرلار قوشۇنىنى چېنىقتۇردى ۋە يېتىشتۈردى. بۇ، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 3 مىليون 650 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى بايلىق مەنبەلىرىنى پائال ئېچىپ، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكلەردىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

# جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم ئوبلاست ـــ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، 1954 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قۇرۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەرب تەرىپى خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى بىلەن، جەنۇب تەرىپى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ۋە چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى ئىلى ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 478 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 899 مىڭ. ئوبلاست تەۋەسىدە موڭغۇل، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. ئوبلاستقا كورلا شەھىرى، خېجىڭ، خوشۇت، باغراش، بۈگۈر، لوپنۇر، چاقىلىق، چەرچەن، قاراشەھەر قاتارلىق بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە قارايدۇ. ئوبلاستنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتېغى، شەرقىي شىمالىدىكى كۇئىنلۇن ۋە ئالتۇن تاغلىرىنىڭ ئوراپ تۇرۇشى بىلەن قاراشەھەر ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى شەكىللەنگەن. غەربىي قىسمىدا دۇنياغا داڭلىق تەكلىماكان قۇملۇقى بار. تارىم، كۆنچى قاتارلىق تۆت دەريا ئوبلاست تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. لوپنۇر، باغراش قاتارلىق كۆللەر بار.


چارۋىچىلىقتا قوي، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىپ بېقىلىدۇ. «قاراشەھەر ئېتى» بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. يېزا ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، قوناق، كۆممىقوناق قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، قۇلماق، قىزىلچا ھەم تۈرلۈك مېۋە، كۆكتاتلار بار. سۇ مەھسۇلاتى بىر قەدەر مول بولۇپ، بېلىق تۈرلىرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، نېفىت، خروستال قاتارلىقلار بار. كۆمۈر، ئېلېكتر، قەغەز، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. ئوبلاست تەۋەسىدە يەنە مەشھۇر كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار.

بۇ يىل ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىدا كاتتا مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋالدى.

ئوبلاست قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى كۈنسايىن ياخشىلانغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1992 ـ يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن 7.8 پىرسەنت ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 2 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.7 پىرسەنت ئاشتى. يەرلىك ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 169 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى





1 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1991- يىلدىكىدىن 7.7 پىرسەنت ئاشتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1991- يىلدىكىدىن 12.2 پىرسەنت ئاشتى. كۆپ مىقداردا توك، كۆمۈر، نېفىت، سېمونت، ئەن ياغاچ، قەغەز، تاشپاختا، پاختا يىپ، پاختا رەخت، پەمدۇر قىيامى، چۈچۈك بويا قىيامى، شېكەر، سوپۇقلاندۇرۇلغان گاز ئوچىقى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى.

ئوبلاست بويىچە تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ يۈك ئوبورت مىقدارى 1 مىليارد 360 مىليون توننا / كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 350 مىليون ئادەم / كىلومېتىرغا، تاشيول ترانسپورتىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 530 مىليون توننا / كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 570 مىليون ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 559 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 114 مىليون يۈەن. ئوبلاست بويىچە تاشقى سودا جەھەتتىكى ئومۇمىي ئىمپورت قىممىتى 76 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورتنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 79 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 7 مىليون 346 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 823 يۈەنگە يەتتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 56 پىرسەنتكە يەتتى.


1992 - يىلى، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلەر ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى: «كورلا شەھىرىدە يۇندىنى تۇپراققا سىڭدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى تەتقىقاتى»، «كونسېرۋا قىلىنغان پەمدۇرنى بالدۇر پىشۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن سۈپەتلىك، كۆپ ھوسۇل ئېلىش بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈپ، ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «ئورمانچىلىقنى ستېرېئولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۇنۇۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» ۋە «شىنجاڭدىكى جەنۇبىي تەگرىتاغنىڭ ئوتتۇرا - شەرق قىسمىدىكى بايدىن كورلىغىچە بولغان يەر تەۋرەش نۇقتىلىرىنى كۆزىتىش رايونىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال مۇداپىئە سىستېمىسى»، قاتارلىقلار. ئوبلاستتا ئىشلەنگەن قىرقىلما تۆۋتىلىق، ئويما گۈللۈك چوڭ ئەدىيال سىنگاپور خەلقئارا كۆرگەزمىسىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۆلەتنىڭ «8 - بەش يىللىق» پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش — جەنۇبىي بۇگۈردىن كورلىغىچە بولغان نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تۇرۇبىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 192.03 كىلومېتىر بولۇپ، يىللىق نېفىت ئاققۇزۇش مىقدارى 1 مىليون توننىدىن 3 مىليون تونىغىچە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىق باينغولىن ئوبلاستىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىپ، ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى تىرىشىپ ئېچىپ، ئىقتىساد يۈكسەلگەن باشقا جايلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پات ئارىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

# قەدىمكى يىپەك يولىدىكى گۆھەر زېمىن ـ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، 1954 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، هازىر بۇ ئوبلاستتا سانجى، فۇكاڭ شەھىرى، ماناس، قۇتۇبى، مىچۈەن، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بار. ئوبلاست تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 93 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 1 مىليون 320 مىڭ بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى چوڭ ئوبلاستلارنىڭ بىرى. ئوبلاست تەۋەسىدە خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق 31 مىللەت ياشايدۇ. هازىر بۇ دىياردىكى ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىدا ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋالدى.



ئوبلاست قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1993 ـ يىلى پۈتۈن ئوبلاستنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشدا كۆمۈر، توقۇمىچىلىق، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنغان بەلگىلىك كۆلەمدىكى سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋە يەككە ـ خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقتىن ئۇدا 16 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. يېزا ئىقتىسادى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

90 ـ يىللار سانجىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق دەۋر بولۇپ قالدى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى 11.7 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى 2 مىڭ يۈەنگە

يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ستراتېگىيىلىك نىشان ھازىر سانجىدىكى ھەر مىللەت خەلق دۇچ كەلگەن شەرەپلىك ھەم مۈشكۈل ۋەزىپە بولۇپ قالدى. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۇلار كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاساسقا ۋە ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسەت-ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

— جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك. سانجى ئوبلاستىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، تۆت ناھىيە، شەھەرنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چوڭ شەھەرنىڭ تەسىرىگە بىۋاسىتە ئۇچرايدۇ. تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۆزلىرى تەتقىق قىلغان ۋە ئىشلەپچىققان يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىش ۋە سېتىشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى مەزكۇر ئوبلاستىنىڭ ئۈچ ناھىيە، شەھىرىنى بىۋاسىتە كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىشتا سانجىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

— بايلىق ئەۋزەللىكى. ئوبلاستىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى. ئاشلىق، مايلىق دان زىرائەتلىرى، پاختا، باغۋەنچىلىك، قوغۇن- تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىق تۈرلۈك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈشكە باپ كېلىدۇ. كان بايلىقى مول بولۇپ، ئاساسەن نېفىت، كۆمۈر، كۆل تۇزى، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار، تازىلانغان شور، ھاكتاش قاتارلىق 50 نەچچە خىل كان بايلىقى بار.

40 يىلنىڭ ئالدىدا، ئوبلاستىنىڭ سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى نەچچە مىليون يۈەنگە يەتمەيتتى، 1993 - يىلى پۈتۈن ئوبلاستىنىڭ سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 18 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنى 1949 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 462 ھەسسە ئاشتى. بۇ سانلىق رەقەم سانجى ئوبلاستىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە، ئوبلاستتا ئېلېكتر سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە، قەغەزچىلىك، سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىش، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېمەك- ئىچمەك، هاراق ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق كەسىپلەردىكى 4 مىڭدىن ئارتۇق كارخانا بارلىققا كېلىپ، تۈرى كۆپ، تارقىلىشچانلىقى كەڭ، ئوبلاستىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

سانجىنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق تارىخقا ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېھقان - چارۋىچىلار ھەقىقىي بېيىش يولىغا ماڭدى. 1993 - يىلى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1992 - يىلدىكىگە قارىغاندا 160 يۈەن ئاشتى. 1000 يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1085 يۈەنگە يەتتى. دېھقان چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى بولتۇرقى 670 يۈەندىن كۆپىيىپ 700 يۈەنگە يەتتى.

1993- يىلى، ئوبلاستتىكى يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1992- يىلغا سېلىشتۇرغاندا 50 پىرسەنت ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاساسىي كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1992 - يىلدىكىدىن 17.8 پىرسەنت كۆپەيدى.

نۆۋەتتە، ئوبلاست يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەردە سەيلە - ساياھەتچىلىك كەسپىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تەبىئىي مەنزىرىسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. جۇڭگو، شۇنداقلا دۇنيا سانجىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشكە باشلىدى.

سانجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، بۇ يىلقى ۋە كېيىنكى مەزگىللىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەتلىنىپ كۈرەشكە ئاتلاندى.

# مول تەبئىي بايلىق مەنبەسىگە ئىگە يېشىل مەرۋايىت ــ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، 1954 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، هازىر بۇ ئوبلاستتا جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى، ئالاتاۋ ئېغىزى مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 5 ـ شىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 11 تۇەن-مەيدان بار.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 354 مىڭ بولۇپ، 33 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 315 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 25 كىلومېتىر، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 385 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوبلاستىنىڭ غەرب، جەنۇب، شىمال تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭلىك، شەرقىي كەڭ، غەربىي تار بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. شەرقتە تارباغاتاي، جەنۇبتا ئىلى، شەرقىي جەنۇبتا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇ قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ شىمالدىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى. ئاسىيا ـ ياۋروپا 2 ـ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىگە جايلاشقان بورتالادىكى ئالاتاۋ ئېغىزى نۆۋەتتە دۇنيانىڭ نەزەرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئايلاندى. بورتالادىكى ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھەر مىللەت خەلقى ھازىر ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋالماقتا.

40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى چۆل-جەزىرىلەر مۇنبەت ئاشلىق ئېتىزلىرىغا ئايلانغان. گۈزەل يايلاقلاردا توپ ـ توپ قوي ـ كالىلار ئوتلاۋاتقان، ھەممىلا يەردە رەت ـ رەت ئېگىز بىنا ۋە ئولتۇراق ئۆيلەر قەد كۆتۈرگەن، شەھەر ـ يېزا يوللىرى ھەر تەرەپكە تۇتاشقان يېڭى مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ھازىر ئوبلاست بويىچە تاشيوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 656 كىلومېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاسفالت يول 419 كىلومېتىرغا، ناھىيە، يېزا يوللىرىدىكى ئاپتوموبىل قاتناش مۇساپىسى 665 كىلومېتىرغا يەتتى ھەمدە ناھىيە(شەھەر) بىلەن يېزىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى. بورتالادىن ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىغىچە بارىدىغان 73 كىلومېتىرلىق 2 ـ دەرىجىلىك تاشيولمۇ پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. خەلقئارا تۆمۈريولدا يولۇچى توشۇش ئىشى نورمال ئېلىپ بېرىلدى. بورتالا ئايرودرومىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە. 6000 تورچىلىق پروگراممىلىق كونترول قىلىنىدىغان تېلېفون



ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر ۋە ئالاتاۋ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى مەملىكەتلىك ئاپتوماتىك تېلېفون تورىغا چېتىلدى. ئوبلاست بويىچە ئېلېكتر كۈچى ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 37 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى. يېڭىدىن جىڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە بىر تۈركۈم يۇرۇشلەشكەن توك تارقىتىش، تەقسىم قىلىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلدى. شەھەر قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا باشلاندى. ئوبلاستتا جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، خەلق تۇرمۇشى پاراۋان، بازارلار ئاۋات، ئىقتىساد راۋاجلانغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى.

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش نەتىجىسىدە، ئوبلاستنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. 1993 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 1954 ـ يىلدىكىدىن 27 ھەسسە، 1978 ـ يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا 2462 يۈەندىن توغرا كەلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 15 ھەسسە، 1978ـ يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا 3183 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 542 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 15 ھەسسىگە يېقىن، 1978 ـ يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشلىق 176 مىڭ 600 تونناغا يېتىپ، بۇلتۇر كىشى بېشىغا 506 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. پاختا 32 مىڭ 300 تونناغا يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 2227 ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا 92.6 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. چارۋا مالنىڭ يىل ئاخىرىدا قوتاندىكى قالدۇقى 1 مىليون 33 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ، 1.42 ھەسسە كۆپەيدى. چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش، يېرىم ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 32.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوبلاست بويىچە نەسىللەندۈرۈش پونكىتى 128 گە، ئوزۇق مۇددەتلىك مۇنتىزىم قوتان 1524 كە يېتىپ، چارۋا مالنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1980ـ يىلدىكىدىن 48 ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مەھسۇلات قىممىتى 753 يۈەنگە يەتتى. سانائەت يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئېلېكتر كۈچى، پاختا توقۇمىچىلىق، شېكەرچىلىك؛ خىمىيە سانائىتى، دورا ياساش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاشلىق، ماي پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 20 دىن كۆپرەك كەسىپتىكى 159 كارخانىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 568 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 510 ھەسسە، 1978 ـ يىلدىكىدىن بەش ھەسسە ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 51 پىرسەنتكە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 933 يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 16.8 ھەسسە، 1978 ـ يىلدىكىدىن 4.7 ھەسسە كۆپەيدى. ئوبلاست بويىچە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 28 ھەسسە ئاشتى. 1993 ـ يىل شەھەر ـ يېزىلاردىكى مەركىزىي سودا بازارلىرى 42 گە، ئۇنىڭدىكى سودا پۇتۇشۇش سوممىسى 54 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى 60 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوبلاست قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 30 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى، ئوبلاستتىكى بانكىلار توپلىغان تۈرلۈك ئامانەت سوممىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق سوممىسى 950 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۇل ئامانەت كەسپىي يولغا قويۇلغان 1957 ـ يىلدىكى 627 مىڭ يۈەندىن 1514 ھەسسە ئاشتى.

90 ـ يىللار ئوبلاست ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن، ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلغان يىللار بولدى. چېگرا ئېغىزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ۋە ساياھەتچىلىك كەسىپلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئاسىيا ـ ياۋروپا 2 ـ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى قىلىپ بېكىتىلىشى، بورتالا موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئېلىمىزنىڭ غەربكە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم دەرۋازىسىغا ئايلاندۇردى. بۇ بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، ئىگىلىكنى تېز گۈللەندۈرۈشكە يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى.

ھازىر بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى مول بايلىق مەنبەلىرىنى پايدىلىنىپ، تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

# پامىر ئېگىزلىكىدىكى مەرۋايىت — قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قىزىلسۇقىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم ئوبلاست بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ ئوبلاستنى كېسىپ ئۆتكەن قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى1954-يىل 7-ئاينىڭ 14-كۈنى قۇرۇلغان. بۇ ئوبلاستتا قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 390 مىڭدىن ئارتۇق.


قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، جەنۇب تەرىپى قەشقەر ۋىلايىتىگە، غەربىي شىمال تەرىپى قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1100 كىلومېتىر، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 70 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئوبلاستقا ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر قارايدۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستى كوئېنلۇن تېغى، تەڭرىتېغى بىلەن ئورالغان بولۇپ، مەشھۇر «مۇز تاغ ئاتىسى» بولغان مۇز تاغ چوققىسى ۋە گۇڭگۇر - قوڭۇر دۆۋە چوققىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قولاي، ئۇنىڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەتكە ئۆتىدىغان قاتناش غول لىنىيىسى قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيولى بولۇپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە، پاكىستانغا بارىدىغان خەلقئارا تاشيوللارمۇ بار. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئاتۇش بىپەك يولىدىكى بىر مۇھىم سودا شەھىرى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدا، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە مۇھىملىقى كۈندىن-كۈنگە نامايان بولماقتا.

1992-يىلى ئوبلاستنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 379 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1991-يىلدىكىدىن 9.03 پىرسەنت ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 286 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.9 پىرسەنت ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 13 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 131 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولدى.

ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 919 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1991-يىلدىكىدىن 6.82 پىرسەنت ئاشتى. ئوبلاست بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 116 مىڭ 390 تونىنغا يېتىپ، 3.14 پىرسەنت ئاشتى؛ پاختا 6235 تونىنغا يېتىپ، 22.06 پىرسەنت ئاشتى؛ مايلىق دان 3647 تونىنغا يېتىپ، 5.16 پىرسەنت ئاشتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1991-يىلدىكىدىن 34.69





پىرسەنت ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېنىك سانائەت 75 مىليون 230 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 20.34 پىرسەنت ئاشتى، ئېغىر سانائەت 37 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 76.51 پىرسەنت ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان توك، كۆمۈر، مىس، تۇز، سېمونت قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى، ئۆتكەنكى يىللارنىڭكىدىن كۆپ بولدى.

ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 175 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1991-يىلدىكىدىن 18.97 پىرسەنت ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 330 مىڭ يۈەن. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 144 مىليون 540 مىڭ يۈەن. سودا بويىچە پارچە سېتىش تور نۇقتىسىدىن 3768 ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكىسى 326. شەھەر-يېزا-بازارلاردا پۇتۇشۇلگەن سودا سوممىسى 33 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1991-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، پارچە سېتىش مال كۆرسەتكۈچى 7.6 پىرسەنت، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 7.6 پىرسەنت، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 11.9 پىرسەنت ئۆستى. ئوبلاست بويىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە قىلىنغان ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 45 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشتى، يارىتىلغان پايدا 6 مىليون يۈەنگە يەتتى ھەم 1992-يىلى خەلقئارا ساياھەتچىلەردىن 29 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 2 مىليون 542 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

ئوبلاست بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان پەن-تېخنىكا خادىمى 10 مىڭ 551، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر-تېخنىك 837، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا خادىمى 1019. ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 52، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 537، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2749 بولۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا دەسلەپكى قەدەمدە سىستېمىلىق تەربىيىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1992-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى تورغات ئېغىزىدىكى جۇڭگو-قىرغىزىستان 10 مىڭ ۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ توك بېرىلدى.

ئىش باشلانغىلى ئون يىل بولغان ئاغۇ سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى تۇتاشتۇرۇلدى. ئامبارنىڭ سىغىمى 40 مىليون كۇب مېترغا يەتتى.

ھازىر، ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، چېگرا ئېغىزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىك كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېزرەك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.



# تەمەخورلۇقتىن

روھنى مېھمانخانمىزدا بىزنىڭ بەدىنىمىزنى، ھەر بىر تىنىقلىرىمىزنى باشقۇرۇپ مېڭىۋاتقان كاللىمىزدا مېغىزلىق ئادىمىلىك تەربىيە، ئىلىم-مەدەنىيەت كەم بولغانلىقتىن، ئاچ قالغان قەلەندەردەك ئۇنىڭ-بۇنىڭغا قاراپ، ئاۋۇ ئانداق قىپتۇ مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ، خەق قىلغاننى دورايمىز. ئەقىل بىلەن ئويلاپ، ئۇ قىلغاننى مەن قىلسام، مېنى توغرا يولغا سالامدۇ قانداق؟ دەپ ئويلاپ، ئامال بار، سەن ئۇنى قىپسەن، مەن قىلسام مۇنداقراق قىلىمەن، دەپ ئىجادىي قوبۇل قىلساق بولماسمىدى؟ ئۆزىمىزنى تۇرغۇن، تۆۋەن نەرسىگە ئەمەس، ئالغا مېڭىۋاتقان كۈچلۈك، روھلۇق، جەڭگىۋار، ئۈمىدۋارلىققا تولغان نەرسىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، دورىساق بولماسمىدى؟ ئادەملىكىمىزنى ئۇتقىلى بولمايدىغان، كۆرگىلى بولمايدىغان، ئەمما بىزنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان روھىمىز بەلگىلەيدۇ. ئەگەر روھىمغا ساختىلىق، ۋىجدانسىزلىق، ۋەتەنسىزلىك، ئېتىقادسىزلىق، كاززاپلىق، تۇتۇرۇقسىزلىق، غايىسىزلىك، چاكىنىلىق، تەمەخورلۇق قاچىلانسا، تىنىقىمغا، سۆزلىرىمگە، ھەرىكىتىمگە، ئادەملەرگە قىلغان مۇئامىلەمگە دەل ئاشۇلار قوماندانلىق قىلىپ، جاھاندا مەندەك لەنتى مەخلۇق بولمايدۇ. مەندىن ئىت، مۈشۈك ئۇماق كۆرۈنىدۇ. تەمەخورلۇق ئادەمنى قاۋاۋاتقان ئىتقا، ئۈچۈپ كېتىۋاتقان جانىۋارلارغا تەلمۈرۈپ قاراش خۇيىدىن ئىبارەت پەس تەبىئەتنى تەقدىم قىلىدۇ. تەمەخورلۇق سۆرۈلۈپ يۈرگەن ئەخلەتتىن ماڭا بىر نەرسە چىقىپ قالارمۇ، ئۆرۈلۈپ

چۈشۈۋاتقان تامدىن بىر نەرسە ماڭا بولۇپ قالارمۇ، ئاۋۇ ئادەم ھازىر ئۇنداق تۇرغان بىلەن كېيىن يوغىناپ قالسا ماڭا پايدا تېگىدۇ، ھازىردىن باشلاپ سالام قىلىپ دوستلىشىپ تۇراي، بۇ ئادەم باشلىق، يېقىنراق تۇراي دەيدىغان پەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئىش قىلىپ يۈت-قولنى، مېڭىسنى ئىشلەتمەي، ئاسانلا بىر نەرسىگە، يەنى ھارام نەرسىگە ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنىدىغان، ئاخىرى ئادەمنى پەسەندىلىككە سۆرەپ بارىدىغان بۇ روھ ئادەمنى تەمە ئازگىلىغا باشلاپ، ئەۋرەز پاقىسىدەك لەنتى مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. روھىمىزنى پاك، توغرا، ئىنسانىي يولغا يېتەكلەيلى. ئۆزىمىزگە تايىنىدىغان، ئۆزگىدىن تەمە قىلمايدىغان ئادەم بولايلى. مۇشۇ روھ قېنىمىز ئېقىۋاتقان تومۇرىمىز ئىچىدە بىرگە ئېقىپ تۇرسا، ئەزايىمىز ئاشۇ قاندىن ئوزۇقلانسا، ھۈجەيرىلىرىمىز تىرىلىدۇ، روھ پىچەكلىشىشتىن قان دۇغلىشىپ، پەسلىشىپ كېتىۋاتىمىز. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى دەڭسەپ كۆرسەك، شۇ روھ ھالال بولمىغانلىقتىن بەدەنلىرىمىز

سۇپەتسىز، ئىرزەڭگۈ، بويىنى يۇمشاق، تىلىمىز ياغلىما بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەمدىن روھ چىقىپ كەتسە، بەدەن دېگەن بىر پارچە سېسىق گۆش-سۆڭەك، ئۇنى ئىككى سائەت ئىچىدە كۆمۈۋەتمىسە سېسىپ كېتىدۇ. ھازىر بىزدە ئۆلۈك، چىرىگەن روھ چىقىپ كەتمىگەن، ئايلىنىپ تۇرۇپ بەدەن سىيماي، روھ سېسىپ، ئادەملىك ئىناۋىتىمىز، قەدىر-قىممىتىمىز، نوپۇزىمىز سېسىپ كېتىۋاتىدۇ. نەزەر سالايلى، ئارىمىزدا ھەقىقىي ئابرۇيلۇق، نوپۇزى ھەممە ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟ چۈنكى ھەممىمىزنىڭ روھى زەئىپلىشىپ سۇپەتسىز گۆش خالتىسى ئىچىدە بەدەندىن بۇرۇن سېسىپ كېتىۋاتىدۇ. ھۆرمەتلىنىپ، ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا نۇرغۇن تەمەنىڭ ساختا جۇلاسى لاۋۇلداۋاتىدۇ. بىزنىڭ روھىمىز سېسىپ كەتمىگەن بولسا، ئەگەر شۇ ئىناۋەتلىك ئادەملەردىن بىر نەرسە تەمە قىلمىغان بولساق، ئادەملىك سۈپەت، قەدىر-قىممەت بولغان بولسا، بىز ئۇنى بىر تەمە بىلەن ئەمەس، سەممىي ھۆرمەت قىلاتتۇق. ئاتالمىش ئىناۋەتلىك ئادەملەر ئارىمىزدا نېمە ئىش قىلغىنىغا ئىناۋەتلىك بولۇپ كېتىدۇ؟ قايسىمىز، قايسىمىزدىن

# قۇتقۇزايلى



ئەختەم ئۆمەر

ئۇشۇق ۋەتەنگە، خەلققە قايسى ئۇلۇغ ئىشنى قىلىپ بېرەلىگەنلىكىمىز بىلەن ئىناۋەتلىك بولۇپ كېتىمىز؟ ھېچقايسىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزدىن چوڭ پەرقىمىز يوق. ئاتالمىش ۋاي-ۋاي بولۇپ، ئىناۋەت تېپىپ كەتكەنلەر روھىي سېسىپ پاكى روھىي بەدەندىن بۇرۇن ئۆلگەن مىليونلىغان بىز نادان خەقنىڭ مۇھتاجلىقىدىن تۇغۇلغان تەمە دۆۋىسى ئارىسىدا كېرىلىپ يۈرگەنلەر، خالاس. پالانى ماڭا پوكۇنى ئىشنى قىلىپ بېرەلمىگەن، دەپ تەمە قىلغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى كەمسىتكەن ئادەمدۇر. ھەرقانداق ئۇلۇغ بولۇۋالغان، سالاپەتلىك ئاتاقتىكى ئادەملەر تەمە دۆۋىسىنىڭ يۇقىرى چوققىسىدا ئۆزىنى پەردازلاپ، كېرىلىپ، كېكىرىپ، مىليون خەلقنىڭ تەقدىرى ئالقىنىمدا، دەپ لاپ ئۇرۇپ يۈرگەنلەرنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ پۇراپ باقساق، ئۇنىڭ ئادەملىك روھىنىڭ ئاللىقاچان سېسىپ تازا بەدبۇي بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن چوڭلاردىن قىلىۋاتقان تەمەيىنىڭ چوڭلۇقىدىن كوچىدا پۇچۇق تاۋاق كۆتۈرۈپ يۈرگەن جۇلدۇر كىيىن دىۋانىدىن پەرقسىز بىچارە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلىنىپ، روھىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر شۇ تەمە بولمىغان بولسا، بىز ئۇنچىۋالا بەتبەشىرە بىچارە مەخلۇق بولۇپ قالمايتتۇق. بىزدىكى تەمەخورلۇق بىزنى بىر-بىرىمىزنى سەممىي ھۆرمەت قىلماي، تەمە ئارىلاش ساختا ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىمىزگە ساختا مەدھىيە ئوقۇش، ساختا ھجىيىشقا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز قاچان ئۆزىمىزدىن ئۈمىد كۈتسەك، ئەۋلىيالاردىن تەمە قىلمىساق، روھىمىزنى كۆكلىتەلەيمىز بۇسېسىقلارنى بەدەن سېسىشتىن بۇرۇن تازىلىيالىساق بىز ئۆزىمىزنى قەدىرلىيەلىگەن بولىمىز. ھەر بىرىمىز ئاتا-ئانىمىزدىنمۇ، دوستىمىزدىنمۇ، بىزدىن يۇقىرى بولۇۋالغان ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ تەمە قىلمايلى. بىز دە خۇدا بەرگەن كۆز، قولاق، بۇرۇن، پۇت-قول بولغاندىكىن، ئۆزىمىزگە تايىنىپ، سېسىپ كېتىۋاتقان روھىمىزنى قۇتقۇزايلى. بىزنىڭ تەمەدىن ئايرىلغان چاغدىكى بىر تىنىقىمىزمۇ ھەرقانداق جەننەتنىڭ ھۇزۇرىدىن لەززەتلىك بولىدۇ. بىز تەمەدىن ئازاد بولايلى. تەمە بىلەن باسقان ھەر بىر قەدەم، تەمە بىلەن قىلغان ھەر بىر سۆز، تەمە بىلەن چاينىغان ھەر بىر بۇردا نان، تەمە بىلەن تەلمۈرگەن بىر بېقىش، تەمە بىلەن قىسقان بويۇن، بارا-بارا بىزنى ئىنسانىي ھۇزۇر-لەززەتتىن مەھرۇم قىلىپ، پەسلەشتۈرۈپ، بارغانچە ھايۋانى ئېغىلغا، سامانغا، سۆڭەككە، كېپەككە ئېرىشتۈرۈشكە، ئاخىرى يۈمۈ بولماي بىر-بىرىمىزنى يېيىشكە سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. بىز جاھاندىكى ھەرقانداق جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنى ئادەملىك سۈپەت بىلەن كۆرۈپ، تۇتۇپ، دەسسەپ، چايناپ، پۇراپ لەززەتلىنەيلى. ئۇنى ئەجىر بىلەن قولغا ئالماي تەمە بىلەن قولغا ئالىمەن دېسەك، ئۇ چوقۇم بىزنى ئالقىنىغا ئالىدۇ. ئاللا ھەممە مەخلۇقتىن ئىنساننى ئۇلۇغ ياراتتىم، پۈتكۈل ئالەمنى سىلەرنىڭ رىسقىڭلار، پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتىم دېسە، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلانماي، ئۇلۇغلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ، ھايۋان كەبى تەلمۈرۈپ ئولتۇرساق، بىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىمىز قېنى؟ ئاللانىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلغىنىمىز قېنى؟ دېمەك ئىنسان بەختىنى تەمە بىلەن ئەمەس، ئادەملىك ئىرادە بىلەن تاپالايدۇ. بىز بۇ دۇنيادىن يېرىمىنى كىم ئېرىپ بېرەر، بالامنى ئالىي مەكتەپكە كىم چىقىرىپ قويار، يولۇمنى كىم ياساپ بېرەر، پالانىنىڭ خېلى ئىش-ئوقىتى ئوبدان، بىر چاپىنىنى ماڭا بېرەي دېمىدى، ئاۋۇ قولىدىكى ناننى ئويناپ ئولتۇرغۇچە، ماڭا بەرسە قورسىقىم تويسا بولماسمىدى، ئادەم ئەمەس نەرسە ئىكەن، دەپ تەمە قىلساق، ئۇ ناننى پەقەت بەرمەيدۇ. بۇ ناننى ئىتقا بېرىدۇكى بىزگە بەرمەيدۇ، ئۇ ئادەم بولغاچقا نېنىنى تېپىپ يەپ، ئاشۇنداق ئوينايدۇ. ئۇ ئادەم بولمىغان بولسا سەن نېمە؟ ئۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئادەم بولمىسا، بىز ئۇ چاغدا ھېچنېمە ئەمەس، خالاس. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

مۇتەللىپ سىدىق

| توغرا ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئابدۇلمۇئتا | (ئە) | ئاتا قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھسىن | (ئە) ئابدىمۇھسىن | ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمەناب | (ئە) ئابدىماناپ، ماناپ | ھەممىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇنىب | (ئە) ئابدىمۇنىپ، مۇنىپ | قايتقۇچىنىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمەئبۇد | (ئە) | ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇنئىم | (ئە) ئابدىمۇنىم | نېمەت بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھەممەد | (ئە) ئابدىمەممەت | مۇھەممەتنىڭ قۇلى |
| ئابدۇننا سىر | (ئە) ئابدىناسىر، ناسىر | ياردەم بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇننەسىر | (ئە) ئابدىنەسىر، نەسىر | ياردەم بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇننەزىر | (ئە) ئابدۇنەزىر، نەزىر | ئاگاھلاندۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇننىياز | (ئەپ) ئابدىنىياز، نىياز | بەخشەندە قىلىنغان قۇل |
| ئابدۇننەبى | (ئە) ئابدىنەبى، نەبى | پەيغەمبەرنىڭ قۇلى |
| ئابدىننۇر | (ئە) نۇر | نۇرلۇق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇننەئىم | (ئە) ئابدۇنەئىم، نەئىم | نېمەت بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئامانشاھ | (ئەپ) ئامانشا | ئامان: ئىسمى، شاھ: سۈپىتى |
| ئابدۇلھەكىم | (ئە) ئابلىكىم، ھېكىم | ھەممىگە ھاكىملىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەلىم | (ئە) ئابلىلىم، ئابدىلىم، ھېلىم | كەڭ قويۇپ بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەق | (ئە) ئابلەق | ھەق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەي | (ئە) ئابلەي | مەڭگۈ تىرىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەمىد | (ئە) ئابلىمىت، ھەمىت، ئېمىت، يىمىت | ماختاشقا لايىق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھادى | (ئە) | يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەپىز | (ئە) ھەپىز | ساقلىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئائىشە | (ئە) ئايشەم، ئايشى، ئايشىگۈل، ئايشىخان، ھاشى، ھاشىگۈل | (1)ياخشى تۇرمۇش (2) چىداملىق |
| ئابدۇلئۆمەر | (ئە) ئابدىئۆمەر | ئۆمەرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇلۋاھىد | (ئە) ئابدىۋايىت، ۋايىت | بىرئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋارىس | (ئە) ئابدىۋارىس، ۋارىس | ۋارىسلىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋاجىد | (ئە) ۋاجىت | ھەممىنى تاپقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋەھھاب | (ئە) ئابدىۋاھاپ، ۋاھاپ، ۋاخاپ | سېخى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋەلى | (ئە) ئابدىۋېلى، ۋېلى | ھەممىنى باشقۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋاسىل | (ئە) ئابدىۋاسىل | ۋاسىلنىڭ قۇلى |

(بېشى ئۆتكەنساندا)

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار

مۇتەللىپ سىدىق

| ئىسىملار | مەنىسى ياكى هازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| چاغرى بەگ | بۈركۈتتەك ئەر |
| چاۋىش | يول، تەدبىر، تەدبىرچى |
| چەبەر | چېۋەر، قابىل |
| چەچەك (چېچەك) | گۈل، چېچەك، غۇنچە |
| چوغلۇغ | (1) نۇرلۇق، ئىسسىق (2) بىر خىل گۈل ئىسمى |
| چىگىل | تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى |
| چىگىل ئارسلان | چىگىللارنىڭ ئارسلانى |
| توركان قاتىن | تۈرك خانىشى |
| خان | (1)خان، هۆكۈمدار (2) قان |
| خان بابا | خاندەك ئاتا |
| راتنا | گۆھەر، ئۈنچە |
| راتنا قار | ئۈنچىدەك قار |
| زىمۇران | زۇمرەد |
| ساچۇ | چۇچا (ياغلىق چۇچىسى) |
| سارسال | سۆسەر (بىر خىل هايۋان) |
| سارمۇساق | سامساق |
| سۆگۈ | خەنجەر، نەيزە |
| سارىغ | سېرىق رەڭ |
| سارىغ خان | خان: ئىسمى، سارىغ: سۈپىتى |
| ساغۇن | قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان |
| سانگۇن(سانغۇن سەنگۇن) | سەركەردە، قوماندان |
| سانمىش | سانالغان |
| سۇنغۇش | نەيزىۋازلىق |
| ساۋ | شۆھرەت، خەۋەر |
| سەۋۈگ | سۆيگۈ |
| سەۋىگ | ئەزىز |
| سەۋىگلى | سۆيۈملۈك |
| سلىگ | سىلىق، پاكىز، زىبەك |
| سىم | كۈمۈش |
| سەۋىنچ | شادلىق |
| سوغۇن | تاغ تېكىسى، كىيىك |

| ئىسىملار | مەنىسى ياكى هازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| سۇقاق | بۆكەن |
| سۇڭقۇر | شۇڭقار |
| سۇيۇرگۇ | سۇيۇرگە |
| سلىغ | سىلىق، مۇلايىم |
| سالچۇق | قەبىلە نامى |
| سىنان | سىنالغان |
| قابان | تاۋاق |
| قاۋۇش | كېلىشمەك، ئۇيۇشماق |
| قاۋشۇت | كېلىشتۈر |
| قاچغار | قوشقار |
| قاپلان | يولۋاس |
| قارا | (1)قارارەڭ (2) پۇقرا، خەلق، مىللەت (3) ئۇلۇغ، كاتتا، چوڭ |
| قاراخان | پۇقرانىڭ خانى، ئۇلۇغ خان |
| قارا باقشى | چوڭ ئۇستاز |
| قارا بۇغا | بۇغا: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| قارا تەمۇر | تەمۇر: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| قارا تويىن | تويىن: ئىسمى ، قارا: سۈپىتى |
| قارا قۇش | بىر خىل قۇش ئىسمى (چوڭ قۇش) |
| قارلۇق | ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى |
| قارغىلاچ | قارلىغاچ (قالىغاچ) |
| قاسۇق | مىخ |
| قاغان | خاقان، خان |
| قانتۇرمىش | رازى قىلغان،قاندۇرغان |
| قاياق | قايماق |
| قەيسەر | رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى |
| قاتمىش | قاتقان، مۇستەھكەم |
| قۇرسۇز | يۈز - ئابروي، سالاپەت |
| قورۇمچى ئوغۇل | چوڭ ئوغۇل |
| قوزى | (1) قوزا (2) سۆيۈملۈك |

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرى: مى. بارات

# گېرمانىيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى ئىجادىيىتى ـ ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى


ئادىل خالىق

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، گېرمانىيىدىكى بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلار پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان «ئۈچىنچى يول» ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، ھەم پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىر ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا قەدەم قويدى، بۇ جەرياندا تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ھاسىل قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشۇش، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىش، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

گېرمانىيىنىڭ ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەندىزىسى مۇنداق: بازار ئىگىلىكى + دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى + ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. رىقابەتنى يولغا قويۇش. رىقابەت بازار ئىگىلىكىنىڭ يادروسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە گېرمانىيە ئىقتىسادشۇناسلىرى مۇنۇلارنى تەكىتلەيدۇ: 1) ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى پەقەت پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئىقتىسادىي ھۆجەيرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا جەزمەن شەخس بىلەن كارخانىلارنىڭ رولىنى تولۇق ئىشقا سېلىش كېرەك. 2) ساغلام «شەخسىيەتچىلىكنى» تەشەببۇس قىلىش لازىم. 3) مىليونلىغان يەككە ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەردىن قالايمىقانچىلىق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەڭشەش سىستېمىسى ـ بازار باھا مېخانىزمىنى يولغا قويۇش لازىم. 4) دۆلەت تۈرلۈك سىياسەت ۋە پەرمانلار ئارقىلىق رىقابەتنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رىقابەت قائىدىسىنىمۇ تۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

2. دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىنى يولغا قويۇش. ئەركىن رىقابەت بىلەن دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىدىكى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئىككى ۋاسىتە. مەقسىتى ئىگىلىكنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىدە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى «مۇسابىقە تەرتىپى بىلەن مۇسابىقە قائىدىسىنى» تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئارىلىشىش رىقابەتنى قوغداپ، ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. گېرمانىيىنىڭ دۆلەتنىڭ ئارىلىششىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى مۇنداق ئىككى جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: ئىمكان قەدەر ئاز ئارىلىشىش، بىراق زۆرۈر بولغان ئارىلىشىشنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇش. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دۆلەت بەزى مۇھىم مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ پىلانى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا چېتىلغان يېزا ئىگىلىك، تۆمۈر يول،



شەمەر قاتنىشى، پوچتا ۋە تۆرالغۇ ئۆي قاتارلىق مۇھىم تارماقلار دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىنىپ، رىقابەتكە پۈتۈنلەي قاتناشتۇرماسلىق ياكى قىسمەن قاتناشتۇرۇش. رىقابەتتە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان پولات - تۆمۈر، كېمىسازلىق ۋە كۆمۈركان قاتارلىق ئەنئەنىۋى سانائەت تارماقلىرىغا ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە زور مىقداردىكى ياردەم سىياسىتىنى قوللىنىش. مەقسەت، ئىشسىزلىقنى ئازايتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت.

3. پۇل مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مۇستەقىل مەركىزىي بانكا قۇرۇش. گېرمانىيە، بانكىنىڭ پۇلنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيەدە بانكا ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئىش بېجىرىش پرىنسىپىنى تۇرغۇزغانىدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي بانكىنىڭ چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ھۆكۈمەت بىلەن مۇزاكىرىلىشىشىنى ۋە ھۆكۈمەتكە مەسلىھەتچى بولۇشىنى قانۇندا ئېنىق بەلگىلىگەن.

4. ماكرو جەھەتتە تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ يەنە بىر خىل ۋاستىسى — مالىيە، باج سىياسىتىنى يولغا قويۇش. ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىدە، پۇل مۇئامىلە بىلەن مالىيە - باج ماكرو جەھەتتە تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. مالىيە، باج سىياسىتىنىڭ رولى مۇنداق ئىككى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ: بىرى - دۆلەت مالىيە بىلەن باج سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. يەنە بىرى، دۆلەت مالىيە بىلەن باج سىياسىتىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى، باج نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى تىزگىنلەپ تۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا دۆلەت يەنە بۇ ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىستېمالنىڭ كۆلىمى بىلەن نىشانىنى تىزگىنلەپ، مۇئەييەن ئىقتىسادىي رايون ۋە تارماقلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

5. كۈچلۈك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى بەرپا قىلىش. گېرمانىيە جەمئىيىتىدە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاللىقاچان قۇدرەتلىك گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىپ، تۇرلۇك كارخانا ئىگىلىرىنىڭ قارشى تەرىپى بولۇپ قالغان. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، كۈچلۈك، بىرلىككە كەلگەن ۋە مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بىر خىل ئىنتايىن ياخشى بولغان تىزگىنلەش ئامىلى بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئالاھىدە پايدىلىق ۋە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن.

6. كەم بولسا بولمايدىغان كۆۋرۈك - كەسپىي جەمئىيەتلەرنى قۇرۇش. گېرمانىيەدىكى كەسپىي جەمئىيەتلەر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق سىستېمىلارغا بۆلۈنىدۇ. كەسپىي جەمئىيەتلەر كارخانىلاردىكى ئامما مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى شۇ كەسىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك كەسپىي جەمئىيەتلەر يەنە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك، كەسپىي جەمئىيەتلەر دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى، بازارنىڭ تىزگىنلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ۋاستىدىن باشقا بىر خىل تىزگىنلەش مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

7. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى - ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. گېرمانىيەدىكى كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئازايتىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى ھالقىلىق مەسىلە - رىقابەتنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تەقسىمات ساھەسىدىكى مۇھىم مەسىلە بولسا، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداشنى كۆزلەيدۇ.

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# شىنجاڭدا توغراق ۋە توغراق بىلەن ئاتالغان جايلار

مەخسۇت ھېبىت



توغراق ــ ھاۋاسى قۇرغاق، توپىسى شورلۇق، قۇم ئارىلاش بوران چىقىپ تۇرىدىغان، مۇھىتى ناچار بولغان چۆللەردە ئۆسىدىغان بىر خىل قەدىمىي دەرەخ تۈرى بولۇپ، تەخمىنەن 100 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ ناچار تەبىئىي شارائىتلارغا ماسلىشىپ ئۆسەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، قۇملارنى توسۇپ، بوستانلىقلارنى ۋە ئىنسانلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «چۆلدىكى قەيسەر دەرەخ» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدىكى تەبىئەتنىڭ چىنىقتۇرۇشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق ھاۋا كېلىماتى ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەم قۇملۇق شارائىتقا ماسلىشالايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. يۇمران توغراقنىڭ يىلتىزى يەرگە چوڭقۇر لاپ كىرەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ يەر ئاستى سۇلىرىنى سۈمۈرۈشى ناچار، كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى تار بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىمۇ ئۇزۇنچاق ھەم تار ئۆسىدۇ. بارانىغا يەتكەن توغراقنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر تارتىلغاچقا، سۇنى كۆپ مىقداردا سۈمۈرۈپ، ئۆسۈش ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىيالايدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى كېڭەيگەنلىكتىن، يوپۇرماقلىرىمۇ چوڭىيىپ، ئالقانسىمان ھالەتكە كېلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر توغراقنى «غەلىتە يوپۇرماقلىق دەرەخ» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە بېرىلگەن توغرا باھا ھېسابلىنىدۇ.

توغراقلىق ئىچىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا تۇز ماددىسى بولىدۇ. توغراق يەر ئاستى سۇلىرىنى كۆپ مىقداردا سۈمۈرگەندىن كېيىن، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى بىلەن ئۇنىڭدىكى تۇز تەركىبى توغراق پوستىنىڭ سىرتىغا چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە توغراق غولىنىڭ پوستىدا مۇنچاق-مۇنچاق تۇز دانىچىلىرى ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇ «توغراق شۆلتىسى» بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «توغراقنىڭ كۆز يېشى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. توغراق ئەنە شۇنداق شورلۇق تۇپراقتا ئۆسسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رىيىسىغا ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر توغراقنى «تۇز ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆسۈملۈك» دەپ ئاتىشىدۇ.

كىشىلەر توغراقنى «مىڭ يىل ياشايدۇ، قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مىڭ يىلغىچە يىقىلمايدۇ، يىقىلغاندىن كېيىنمۇ مىڭ يىلغىچە چىرىمايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ بىر ئاز مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن توغراق ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى چىڭ ھەم سۇيەتلىك بولۇپ، ئاسانلىقچە چىرىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا مۇندىن 2000 يىللار بۇرۇنقى كىرورەن دۆلىتىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى،جەسەت ساندۇقلىرى، تەگنە، تاۋاق، ساپلۇق، قوشۇق، جام، ساندۇق، كارىۋات، ئورۇندۇق، سۇ ئېقىتىش نولىرى، ئارا، گۈرجەك، هارۋا، قامچا، ئات ـ ئۇلاق جابدۇقلىرى، تۈگمەن، جوۋازخانا، بابكارچىلىق، دەستىگاھ جابدۇقلىرى، زىننەت ـ گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ھەم تۇرمۇش سايمانلىرىنىڭ تولىسى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان، ئۇلار ھازىرغىچە چىرىمىگەن.

توغراقلىقلار ھەم مۇھىم ياغاچ ماتېرىياللىرى بازىسى، ھەم ياخشى چارۋىچىلىق مەيدانى ھېسابلىنىدۇ. توغراق يوپۇرمىقى قوي، كالا، ئات، تۆگە، بۇغا، جەرەن، توشقان قاتارلىق ياۋا ۋە ئۆي ھايۋانلىرى

ياخشى كۆرىدىغان يەم ـ خەشەك ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك خەلقلەر «توغراق شۆلتىسى»دىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇ يەنە خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ، بىر تۈپ توغراقتىن بىر جىڭ ئەتراپىدا «توغراق شۆلتىسى» يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

توغراق مۇندىن 100 مىليون يىللار ئىلگىرى شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇملۇق رايونلاردا ئۆسكەن، ھازىر ئۇ دۇنيا بويىچە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك دەرەخ تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلانغان تارىم دەرياسى ـ ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى بۆشۈكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ قەدىمكى دەرەخ تۈرلىرىدىن بولغان توغراقنىڭمۇ ئانا ماكانى ۋە ئاساسلىق بازىسىدۇر. ھازىر تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى ساھىلىدىكى توغراقلىقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون مودىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدىكى توغراقلىقلار ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، ئاۋات، كۇچا، باي، توقسۇ، چىرا، كېرىيە، لوپ، قاراقاش، گۇما، خوتەن، چاقىلىق، بۈگۈر، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، قەشقەر، مارالبېشى، مەكىت، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقالغان. بۇ توغراقلىقلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە يەرلىك خەلقلەرنى ئېھتىياجلىق بايلىق ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بوستانلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، قۇملارنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش ۋە ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى قوغداش جەھەتلەردە غايەت زور رول ئوينىماقتا.

ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جايلاردىكى بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇلار ئۆز ھاياتىغا كېرەكلىك بارلىق شەيئىلەرنى، نەرسىلەرنى قەدىرلىگەن ۋە ئۇلۇغلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇلار كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنى، تاغ، دەريا، كۆللەرنى، ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى، ھايۋانلارنى، يەر ـ جايلارنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇلارغا چوقۇنغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار بەزى نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە توتېم ياكى بەلگە قىلغان. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت قۇرۇلمىلىرى، كان ـ بايلىقلىرى، ئۆسۈملۈك، ھايۋاناتلار ۋە يەر ـ جايلارغا چوقۇنغان ھەم ئۇلۇغلىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلە، تەخەللۇس، لەقەملىرىدىمۇ شۇ خىل تەسىرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەر ناملىرىمۇ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ھەم ئەمەلىي شارائىتىنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا نۇرغۇن يەر ناملىرى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: تۇرپان ئويمانلىقىدا كارىز ناھايىتى كۆپ. شۇڭا تۇرپاندا كارىز نامى بىلەن ئاتالغان كەنتلەرمۇ خېلى كۆپ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان نۇرغۇن ناھىيىلەردە توغراق كۆپ بولغاچقا، توغراق نامىدا ئاتالغان كەنتلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئاقسۇ شەھىرىدە قوشتوغراق كەنتى؛ شايار ناھىيىسىدە قاشتوغراق، يالغاز توغراق، پور توغراق، بەشتوغراق كەنتلىرى؛ كۇچا ناھىيىسىدە ئوقۇرتوغراق، ئويتوغراق، ئامانتوغراق، كوچا توغراق، بوستانتوغراق، قاراكۆلتوغراق، قاراتوغراق كەنتلىرى؛ باي ناھىيىسىدە كوكۆلا توغراق كەنتى؛ توقسۇ ناھىيىسىدە موما توغراق، تامتوغراق، كەنتلىرى؛ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئاقتوغراق، بوستانتوغراق كەنتلىرى؛ ئاۋات ناھىيىسىدە تامتوغراق، توغراقلىق، قارا توغراق، باغتوغراق، ئويتوغراق كەنتلىرى؛ چىرا ناھىيىسىدە تۆۋەن توغراق كەنتى؛ كېرىيە ناھىيىسىدە چىمەنتوغراق، بەشتوغراق، توغراقكۆچى كەنتلىرى؛ لوپ ناھىيىسىدە بەشتوغراق، توغراقدۆڭ، خوراز توغراق، جايتوغراق كەنتلىرى؛ قاراقاش ناھىيىسىدە تۆگە توغراق، بوستانتوغراق، قاراكۆل توغراق، سېرىقتوغراق، يالغۇز توغراق كەنتلىرى؛ گۇما ناھىيىسىدە بوستانتوغراق، جايتوغراق كەنتلىرى؛ خوتەن ناھىيىسىدە قارا توغراق كەنتى؛ چەرچەن ناھىيىسىدە توغراقلىق يېزىسى، توغراقلىق كەنتى، توغراق ئېغىل كەنتى؛ بۈگۈر ناھىيىسىدە باغتوغراق كەنتى؛ قاغىلىق ناھىيىسىدە توغراقچاقا، توغراق كەنتى، باشتوغراق كەنتلىرى؛ پوسكام ناھىيىسىدە توغراق، توغراقلىق، جايتوغراق كەنتلىرى؛ يەكەن ناھىيىسىدە توغراق لەڭگەر، كانايتوغراق، توغراق مازار، گۈزەل توغراق، قاراكۆل توغراق، سېرىقتوغراق، چېدىر توغراق كەنتلىرى؛ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى توغراق باغ كەنتى؛ يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى جاي توغراق، كانايتوغراق كەنتلىرى؛ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بەشتوغراق كەنتى؛ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى باغتوغراق، سېرىقتوغراق، توغراقلىق، يالپال توغراق، پارچە توغراق، يوغان توغراق، ئويتوغراق، يانتوغراق، باغتوغراق، قوشتوغراق كەنتلىرى؛ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى خوجام توغراق، قورام توغراق، ئامانتوغراق، باغتوغراق، ئاقتوغراق، قوتان توغراق، تاشلاكۆل توغراق، توپ توغراق كەنتلىرى؛ قەشقەر شەھىرىدە توغراقلىق مازار كەنتى بار. دېمەك جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا توغراق نامى بىلەن ئاتالغان جەمئىي 93 كەنت بار. مۇشۇنچىۋالا كۆپ يەرلەرنىڭ توغراق نامى بىلەن ئاتالغانلىقى، بىر تەرەپتىن توغراقنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، شۇڭا يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى قەدىرلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

## ئاز سانلىق مىللەتلەر گېزىتىدىن ...

تولۇق بولمىغان ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر مەملىكىتىمىزدە 13 ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا 64 خىل گېزىت چىقىدۇ.

بۇ 13 خىل يېزىق بولسا، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، زاڭزۇ، چاۋشيەن، دەيزۇ، قىرغىز، شىبە، يىزۇ، جىڭپو ۋە ناشى يېزىقىدىن ئىبارەت.

بۇ 64 خىل گېزىت ئىچىدە، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گېزىت 20، موڭغۇل يېزىقىدىكى گېزىت 17، قازاق يېزىقىدىكى گېزىت يەتتە. زاڭزۇ يېزىقىدىكى گېزىت ئالتە، چاۋشيەن يېزىقىدىكى گېزىت بەش، دەيزۇ يېزىقىدىكى گېزىت ئىككى، قىرغىز يېزىقىدىكى گېزىت بىر، لىسۇ يېزىقىدىكى گېزىت بىر، شىبە يېزىقىدىكى گېزىت بىر، يىزۇ يېزىقىدىكى گېزىت بىر، جىڭپو يېزىقىدىكى گېزىت بىر، جۇاڭزۇ يېزىقىدىكى گېزىت بىر، ناشى يېزىقىدىكى گېزىت بىر.

گېزىتلەرنىڭ ئىچىدە تارقىتىلىش سانى ئەڭ يۇقىرىسى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ، كۈندىلىك تارقىتىلىش سانى 70 مىڭ ئەتراپىدا. تارقىتىلىش سانى ئەڭ تۆۋىنى جىڭپو يېزىقىدىكى «ئىتتىپاق گېزىتى» ۋە ناشى يېزىقىدىكى «لىجياڭ گېزىتى» بولۇپ، كۈندىلىك تارقىتىلىش سانى ئاران 200 پارچە. (قەيسەر. ت)

## مياۋزۇ قىزلىرىنىڭ كۈمۈش كىيىمى

قىزلارغا كۈمۈشتىن كىيىم قىلىپ بېرىش، مياۋزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى. گۈيجۇ ئۆلكىسى خۇشەن ناھىيىسى شىجياڭ كەنتىدىكى مياۋزۇ قىز چاڭ مۇتىيەنجېننىڭ كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ كىيىۋالغان كۈمۈش كىيىمىنىڭ باھاسى 4000 يۈەندىن ئاشىدىكەن. بۇ كىيىمگە كەتكەن كۈمۈشنىڭ ئېغىرلىقى 150 سەر بولۇپ، 1000 يۈەنگە توختىغان. بېشىغا تاقىلىدىغان كۈمۈش تەڭگە 400 يۈەنگە، كۈمۈش تاغاق 400 يۈەنگە، بەدىنىنى زىننەتلەيدىغان كۈمۈش تەڭگە، كۈمۈش قوڭغۇراق، بويۇن چەمبىرى، كۈمۈش زەنجىر، بىلەيزۈك 1200 يۈەنگە، ئىش ھەققى 600 يۈەنگە، نەپىس ياسالغان كىيىمنى قوشقاندا جەمئىي 4000 يۈەنگە توختىغان.

شىجياڭ كەنتى خۇشەن ناھىيىسى بويىچە ئەڭ چوڭ كەنت بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق ئائىلىسى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە، 100 ئائىلە قىزلىرىغا 4000 يۈەنلىك كۈمۈش كىيىم قىلىپ بەرگەن، بۇ كۈمۈش كىيىملەردىن كۈيپچىلىك گۈيجۇدىكى مياۋزۇ خەلقىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

(قەيسەر. ت)

## مەملىكىتىمىز ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ...

1. 3-كەسپنىڭ تۇتقان نىسبىتى بەك تۆۋەن.

مەملىكىتىمىزدە 1990-يىلى، 3-كەسپنىڭ كۆپىيىش قىممىتى بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 27.2 پىرسەنت ۋە 18.6 پىرسەنت بولغان. بۇنى خەلقئارالىق ھاللىق سەۋىيىدىكى 50 پىرسەنت بىلەن 40 پىرسەنتكە سېلىشتۇرغاندا، پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، دۇنيادىكى 120 دىن ئارتۇق دۆلەت ئىچىدە ئارقىسىدىن سانىغاندا، مەملىكىتىمىز ئايرىم-ئايرىم ھالدا 13- ۋە 3-ئورۇندا تۇرىدۇ.

2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكىلەر ئىچىدە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى بەك تۆۋەن. مەملىكىتىمىزدە 1990-يىلى 2پىرسەنت، 2000-يىلدىكى نىشان 3-5 پىرسەنت. بۇنى خەلقئارادىكى ھاللىق سەۋىيىدىكىلەر 16پىرسەنت، باي ئەللەر 39 پىرسەنت دېگەن ئۆلچەم بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق ناھايىتى چوڭ.

3. شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كۆلىمى بەك ئاز. مەملىكىتىمىزدە 1990-يىلى، تۇرالغۇ ئۆي كىشى بېشىغا 7.1 كۋادرات مېتىر توغرا كەلگەن. 2000-يىلدىكى نىشان سەككىز كۋادرات مېتىر. بۇنى، خەلقئارالىق ھاللىق سەۋىيە ئۆلچىمىدىكى «ھەر بىر ئائىلىنىڭ بىر كورپۇس ئۆيى بولۇش»، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى ئون كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى بولۇش دېگەن ئۆلچەمگە سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى چوڭ.

4. تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى تۆۋەن. 1990-يىلى مەملىكىتىمىزدە ھەر 100 كىشىگە ئاران 1.1 دىن تېلېفون توغرا كەلگەن. 2000-يىلدىكى نىشان ھەر 100 كىشىگە 2,8 دىن توغرا كەلتۈرۈش. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 80 پىرسەنتكە يەتكەن.

5. ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ناھايىتى كىچىك. 1990-يىلى مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي كاپالەتتىن بەھرىمەن بولغانلار ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 29 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 2000-يىلدىكى نىشان 35%—40%، بۇنى خەلقئارادىكى ھاللىق سەۋىيىدىكىلەر 75 پىرسەنتكە، باي ئەللەر 87 پىرسەنتكە يېتىش دېگەن ئۆلچەمگە سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ.

ئەركىن قۇتلۇق (ت)

## ئاسىيادىكى مىللەتلەر

ئاسىيا پۈتۈن يەر شارى قۇرۇقلۇقىنىڭ 29.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، نوپۇسى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇق مىللەت بار، نوپۇسى 1 مىليوندىن يۇقىرىلىرى 62، نوپۇسى 10 مىليوندىن يۇقىرىلىرى 27، نوپۇسى 100 مىليوندىن يۇقىرىلىرى تۆت. ئاسىيادا جۇڭگو، ياپونىيە ۋە كۆپ ساندىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن باشقىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مەسىلەن، ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە 100 دىن ئارتۇق مىللەت بار؛ جۇڭگو، ۋيېتنام ۋە فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەردە 50 تىن ئارتۇق مىللەت بار؛ بىرما، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە 30 دىن ئارتۇق مىللەت بار. بۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە نۇرغۇن مىللەتلەر بىر نەچچە دۆلەتكە جايلاشقان، بەزى مىللەتلەرنىڭ زېمىنى تۇتىشىپ تۇرىدۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە باشقا - باشقا دۆلەتكە تەۋە. مەسىلەن، كۇرد مىللىتى ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە تۈركىيە دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى رايونلارغا جايلاشقان. پەنجاپلار پاكىستان بىلەن ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. يېقىنقى زاماندىن تارتىپ، نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ باردى، شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان جەنۇبىي ئاسىيالىقلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ باردى. ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز، تۈزلەڭلىكلەرگە، دېڭىز ياقىلىرىغا ۋە چوڭ دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان مىللەتلەر ئومۇمەن بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان؛ تاغلىق رايونلاردا ۋە ئورمانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ تولىسى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنماقتا ياكى بىر نەچچە كىچىكرەك مىللەت چوڭراق بىر مىللەت بولۇپ بىرلەشمەكتە. (گۈلى.ت)

## دۇنيادىكى ئون چوڭ گېزىت

يېقىندا، ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئېلان قىلغان ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىتلەر 53 مىڭ 660 خىلغا يېتىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە كۈندىلىك گېزىت 8250 خىل ئىكەن. مەزكۇر تەشكىلات گېزىتنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى «دۇنيادىكى ئون چوڭ گېزىت»نى باھالاپ چىققان. ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق:

(1) «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى» (ئامېرىكا)؛ (2) «سيۇرىخ گېزىتى»(شۋېتسارىيە)، (3) «دۇنيا گېزىتى» (فرانسىيە)، (4) «تايمس گېزىتى» (ئەنگلىيە)، (5) «مۇھاپىزەت گېزىتى» (ئەنگلىيە)، (6) «خەلق گېزىتى» (جۇڭگو)، (7) «دۇنيا گېزىتى» (گېرمانىيە)، (8) «A B C گېزىتى» (ئىسپانىيە)، (9) «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» (ئامېرىكا)، (10) «ھەقىقەت گېزىتى» (روسىيە). (گۈلمىرە. ت)

## بۇ بەلگىلەرنى بىلىۋېلىڭ

بەزى كىشىلەر دوختۇرخانىغا بېرىپ، كېسەل كۆرسەتكەندىن كېيىن، ھەمىشە دوختۇر يېزىپ بەرگەن رېتسېپتىكى بەزى بەلگىلەرنى كۆرۈپ، گاڭگىراپ قالىدۇ. ئادەتتە رېتسېپلاردىكى بەلگىلەر مۇنداق مەنالارنى بىلدۈرىدۇ:

A C دورىنى تاماقتىن بۇرۇن ئىچىشنى بىلدۈرىدۇ. bid بىر كۈندە ئىككى قېتىم دېگەننى بىلدۈرىدۇ. H·S دورىنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچىشنى بىلدۈرىدۇ. H تېرە ئاستىغا ئوكۇل سېلىشنى بىلدۈرىدۇ. i .V تومۇرغا ئوكۇل سېلىشنى بىلدۈرىدۇ. i .M مۇسكۇلغا ئوكۇل سېلىشنى بىلدۈرىدۇ. C P دورىنى تاماقتىن كېيىن ئىچىشنى بىلدۈرىدۇ. p r n زۆرۈر بولغاندا ئىچىشنى بىلدۈرىدۇ. R دورا ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ. t . i .d بىر كۈندە ئۈچ قېتىم دېگەننى بىلدۈرىدۇ. stat دەرھال ئىشلىتىشنى بىلدۈرىدۇ. (سادىق. ت)



## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**سوئال:** تەھرىر يولداش، مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب سەھىپىلەردىن بىر سوئال سورىماقچى ئىدىم، بىراق جاۋاب بېرەلمەمدىكىن دەپ ئويلىدىم، چۈنكى سوئالغا جاۋاب تاپالماي، ئۇمۇر بويى جاۋابسىز قېلىپ، ھەزىل سەھىپىلەر بوشاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەن.

— خوتەن ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىدىن: مۇختار ئابلىز

**جاۋاب:** سىز خاتىرجەم سوراۋېرىڭ، ھەزىل سوئاللا بولىدىكەن، ھەزىل سەھىپىمىز بوشاپ قالمايدۇ.

**سوئال:** مەن مۇشۇ چېچىمنىڭ پاسونىنى ھېچ تاللاپ بولالمىدىم. بىرەر سائەت چېچىمنى ئۆگلاپ يەنە يارىمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئەسكى باش كىيىمدىن بىرنى كىيىپ چىقىمەن، يا چېچىمنى ئالدۇرۇۋەتكۈم كەلمەيدۇ. سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار.

— قەشقەر شەھىرى شۆيۇمەندىن: ئىسمائىلجان

**جاۋاب:** كايىدا ئۆزى قىلغان ئىش ئۆزىگە يارىماي، پول خەجلەپ قىلدۇرغان ئىش ياراپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئۇنداق قىلىشقا بىر ئازراق پۇلنىڭ مەرىدىن كېچىپ، ساتىراچخانىغا كىرىپ چىقسىڭىز، سىزگە يارىشىدىغان ياساپ قويۇشى مۇمكىن.

**سوئال:** يولداش تەھرىر، مەن بۇ يىل 25 ياشقا كىردىم، مېنىڭ شۇنداق چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلغىم بار، لېكىن شىخەنزىدە چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى يوق. بەزىلەر ئۈرۈمچىدە چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى كۆپ دېيدۇ، سىزچە مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ لايىق ئىزدىسەم ياخشىمۇ، ياكى شىخەنزىدىن [illegible] ئىزدىسەم ياخشىمۇ؟

— شىخەنزىدىن: تۇرسۇن يۈسۈپ

**جاۋاب:** 25 ياشقا كىرگىچە لايىق تاپالمىغاندىكىن مېنىڭچە لايىق ئىزدىمىسىڭىزمۇ بولغۇدەك.

**سوئال:** مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇچرىشىپ بىر كۆرۈشكەنمىكىن. ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا بىر - بىرى بىلەن قاتتىق ئاداۋەتلىشىپ قاپتىكەنمىش. بۇ راستمۇ؟

— چىرا ناھىيىسىدىن: مەھمۇت سىدىق، ئابلىكىم كېرىم.

**جاۋاب:** بۇنىسى راست، بىراق بىز ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قويۇۋۇدۇق، كېيىن ناھايىتى ئىناقلىشىپ كەتتى.

**سوئال:** مەن بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، مېنىڭمۇ كەلگۈسىدە داڭلىق يازغۇچى بولۇش ئويۇم بار. لېكىن مەن كۆرگەن داڭلىق يازغۇچى - شائىرلارنىڭ سۈرەتلىرى ياكى ھەر خىل قىياپەتلىرىدىن كۆرۈشۈمچە، ئۇلار دېگۈدەك ساقاللىق، بېشىدا شلەپە، بوينىدا گالستۇك، قاتۇرۇپ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەنلەر ئىكەن. مەن بولسام بىر دېھقان، ساقالۋا تۇماق، سۈرىم چاپانلار بىلەن داڭلىق يازغۇچى بولالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. قانداق قىلسام بولار؟

— خوتەندىن: مەتتوختى

**جاۋاب:** مېنىڭچە سىز ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئەمەس، ساقال، شلەپە، گالستۇك، كاستۇم، بۇرۇلكا ھەۋەسكارى ئىكەنسىز.

**سوئال:** «كۆكۆل - كۆكۆلدىن سۇ ئىچەر» دېيىشكەن. سۇ ئىچمىسە قانداق قىلارمەن؟

— شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپىدىن: ئابدۇكېرىم راخمان


**جاۋاب:** قانداق قىلاتتىڭىز ھاراق قويۇپ بېرىسىز.


**سوئال:** مېنىڭ ساۋاقدىشىم توي قىلدى، مەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مۇبارەك بولسۇن دېسەم، ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن بولسۇن، دەپ جاۋاب بەردى. تويىنى مەن قىلمىغان تۇرسام نېمە ئۈچۈن شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ؟

— يۇقىرىقى ئادرېستىن: ئابدۇكېرىم راخمان

**جاۋاب:** ئۇنىڭ خوتۇنى چوقۇم سىز بۇرۇن توي قىلىپ، قويۇپ بەرگەن خوتۇنى بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال:** جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۇنتۇغاقچىلارنىڭ






ماتاشى يۇقىرى، خىزمىتى شەرەپلىك...» دەپ تەرىپلىشىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىنى «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» قىلىپ بېكىتتى، بىراق بىر قىسىم باشلىقلارنىڭ بالا - ۋاقىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپلىرىدە ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققان بولسىمۇ، ئۇلار كەسىپ ئالمىشىپ، باشقا ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلەيدىكەن. ئۇلار بۇ «ياخشى» كەسىپتىن نېمىشقا ئالمىشىپ كېتىدىكىنە؟

— قاغىلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن: خەيرىنىسا نىيازمەت

**جاۋاب:** بىر زەرگەر ئاغىنەم مۇنداق ھېكايە سۆزلەپ بەردى: بىر جۈمە كۈنى، دۇكانغا بىر دىۋانا كىرىپ قالدى. ئۇلۇغ كۈندە ئازراق ئۆشرە - زاكات بېرىۋېتەي دەپ، دىۋانىغا ئازراق كېپەك ئالتۇننى تەڭلىسەم، ئۇ: خۇدا يولىدا سېرىق قۇمنى تەڭلەپ، بىر بىچارىنى مازاق قىلماي، ئازراق سەدىقە بەر، دەپ ئۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بەش موچەن تەڭلىسەم بىر مۇتىچە دۇئا قىلىپ، كېتىپ قالدى. مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئالتۇننىڭ قەدرىنى بىلگەن ئادەمگە ئۇ قەدىرلىك ئىكەن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم.

**سوئال:** مېنىڭ بىر تەرسا ئاغىنەم «قىرقىغان» بىلەن «قايچىلىغان»نىڭ ئىككىسى ئىككى ئىش، دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن بۇ ئىككىسى بىر ئىش، دەپ قايىل بولمىدىم. زادى قايسىمىزنىڭ توغرا؟

— قاغىلىقتىن: سىدىق تۇردىمەت

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە ئاغىنىڭىزنىڭ توغرا. ئەگەر سىزنىڭ توغرا بولغان بولسا، كىشىلەر سەۋزىنى قىرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگىچە، قايچىلاپلا پولوغا باسقان بولاتتى. ساتىراچلار ئۇستۇر بىلەن باش قىرغىچە، قايچىلاپلا قۇتۇلغان بولاتتى.

**سوئال:** مەن بىر قىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، بىراق ئىجتىمائىي ئورۇن پەرقى تۈپەيلى مەن دائىم ئۆزۈمنى يەردە تۇرۇپ، كۆكتىكى ئايغا ئېسىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئېسىلماي ئىسىم ئۆزۈلەمدىمەن. ئېسىلىۋەرسەم مۇرادىمغا يېتەلەمدىمەنمۇ؟

— خوتەن ئىسلام ئاۋاتىدىن: خەلىل ئابدۇل

جاۋاب: ئېسىلىۋېرىش ئۇ ... كېتىدۇ، سىزگە ئەل بولسا مۇرادىڭىزغا يېتىسىز.

**سوئال:** پۇل كۆپ بولسا نېمىگە خەجلەشنى بىلمەي باش قاتقان. پۇل ئاز بولسا قانداق يەتكۈزۈشنى بىلمەي باش قاتقان، پۇل زادى قانچىلىك بولسا باش قاتمايدۇ.

— خوتەن ناھىيىسىدىن: مەمتۇردى سىراجىدىن

**جاۋاب:** پۇل جىق چاغدا بانكىدا قويۇپ، پۇل ئاز چاغدا ئېلىپ خەجلىسە باش قاتمايدۇ.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر: مەن ئولتۇرغان سورۇنلاردا ئولتۇردۇم، ئولتۇرغانلىكى سورۇنلاردا بىرسى «شىنجاڭ پىۋىسى» دېسە، يەنە بىرسى قەشقەر پىۋىسى دەيدىكەن. مەنمۇ كۆپ ئىچىپ باقتىم لېكىن بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن. بۇنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

— قاغىلىق ناھىيە غوجائېرىق يېزىدىن: قۇدرەت روزى

**جاۋاب:** ماركىسىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

**سوئال:** ئادەمنىڭ بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېيىشى، خىزمەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ھەتتا بىزدەك چەت يېزا - قىشلاقلاردا خىزمەت قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن كۆپ قىيىنچىلىقلارنىمۇ تۇغدۇرىدىكەن. شۇڭا ھازىرقى فىزىئولوگىيە ئالىملىرى ئىككى ۋاق تاماق يېيىشمۇ بولىدىغان، ئۈنۈملۈك بىر ئۇسۇلنى تېپىپ بەرگەن بولسا، مەن كۆپ خۇرسەن بولغان بولاتتىم.

— قارىقاش يالغۇزيېرا كۆللۈك مەكتىپىدىن: مەمەتجان ئابدۇللا

**جاۋاب:** كۈندە روزا تۇتۇڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ھەم قىيىنچىلىقىڭىز ھەل بولىدۇ، ھەم ساۋاب ئالىسىز.



## جاۋاب [illegible]

بالىسى دادىسىغا:

— قەدىرلىك دادا، سىز ماڭا ئون سوم ئەۋەتىڭ، چۈنكى مەن بىر قىز بىلەن سۆيۈشكە چۈشۈپ، سىزگە ئەۋەتمەكچى ئىدىم، — دەپ يېزىپتۇ.

دادىسى جاۋاب خېتىدە:

— بالام، مەن يەنە ئون سوم ئەۋەتەي، سەن ھېلىقى قىزنىڭلا سۈرىتىنى ئەۋەتسەڭ بولدى. چۈنكى سېنىڭ چىرايىڭ ماڭا تونۇشتۇر.

## ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبى

بىر ئايال ئادۋوكاتنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرىپ، يولدىشى بىلەن ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ [illegible] تۇرۇۋاپتۇ.

ئادۋوكات: — نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىسىز؟ ئايال :

— يولدىشىم ماڭا سادىق ئەمەس.

— نېمە ئاساسىڭىز بار؟

— [illegible] ئۇ مېنىڭ بالامنىڭ دادىسى ئەمەس.

## يالغانچى

بىر باي سودىگەر بىر يالغانچىغا:

— ئەگەر سەن ماڭا دەرھال بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ بەرسەڭ، ئون مارك بېرىمەن، — دەپتۇ.

— نەدە ئون مارك؟ يىگىرمە مارك بېرىمەن دېگەنتىڭىزغۇ، — دەپتۇ يالغانچى.

## قەلەم سودىگىرى

بىر يازغۇچى چەتئەلگە چىقماقچى بولۇپ چېگرىغا كەلگەندە، تەكشۈرۈپ تىزىملىغۇچى ساقچى:

— [illegible] نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— داۋۇد.

— [illegible]؟

— [illegible].

— [illegible] مۇنداق [illegible]سىز؟

— قەلەمكەش.

شۇنىڭ بىلەن ساقچى تىزىملاش دەپتىرىگە: «ئىسمى: داۋۇد، كەسپى: قەلەم سودىگىرى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

## ئۇنتۇپ قاپتىمەن

بىر ئادەم سۈت ساتماقچى بولۇپ، بازارغا چىقىپتۇ. بىر خېرىدار كېلىپ سۈتنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ-دە، دەرھال سۈت چېلىكىگە قاراپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ۋويي، مەن سۈت ئالىمەن دېسەم، چېلەكتە سۈت ئەمەس ساپلا سۇ تۇرىدىغۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن. بەك سەت ئىش بولدى، — دەپتۇ سۈتچى، — ئەتىگەن ئالدىراشچىلىقتا سۇغا ئازراق سۈت ئارىلاشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

## نېمىلەرنى قىلىش كېرەك

مۇئەللىم دىن دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ:

— باللىرىم، قېنى قايسىڭلار ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر: بىز كەچۈرۈمگە ئېرىشىشتىن ئاۋۋال نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئالدى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

## مەڭگۈ توغرا

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ دۇكاننىڭ قائىدىسى شۇكى، خېرىدارلارنىڭ دېگىنى مەڭگۈ توغرا!

— ئاۋۇ ئەپەندىم نېمە دېدۇ؟ - دەپتۇ دىرېكتور.

— ئۇ ئەپەندى، سىلەرنىڭ دىرېكتورۇڭلار تازا بىر ھاماقەت نەرسە ئىكەن، دېدۇ، — دەپتۇ پىركازچىك.

(رىسالەت. ت)

## ئۆچرىشىش ۋاقتى

— سەن قىز دوستۇڭ بىلەن دائىم كەچ سائەت



# كۈلكە قۇرۇچلىرى



توققۇزدىن كېيىن ئۇچرىشىدىغانلىقىمىزنى، بۇنداق قىلىشنىڭ ياشلارنىڭ «مۇھەببەتلىشىش ئۈچۈن قاراڭغۇ ياخشى» دېگىنى ئۈچۈنمۇ؟

– ياق، سائەت توققۇزدىن كېيىن ماگىزىنلار تاقىلىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

## ئۆزگىرىش

– مەن يوھان بىلەن توي قىلىش قارارىمنى ئۆزگەرتتىم، چۈنكى مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئازراقمۇ ھېسسىيات قالمىدى.

– ئۇنداقتا يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇ سوۋغا قىلغان ئۈزۈكنى تاقىۋالدىڭ؟

– چۈنكى مېنىڭ ئۇ سوۋغا قىلغان ئۈزۈككە بولغان ھېسسىياتىم قەتئىي ئۆزگەرگىنى يوق.

(پەيزۇللا تۇرسۇن. ت)

## ئىقتىسادچىلىق

خوتۇنى ئېرىنى ماختاپ:

– قارا، مەن ئۆي تۇتۇشقا نېمىدېگەن ئۇستا، بىر نەچچە ئايغىچە بىرمۇ قېتىممۇ كىر يۇماي سىزگە بىر مۇنچە سوپۇن ئىقتىساد قىلىپ بەردىم، – دەپتۇ.

ئېرىمۇ كۆرەڭلەپ:

– مەنمۇ تاماكىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ چېكىۋېرىپ، سىزگە بىر مۇنچە سەرەڭگە ئىقتىساد قىلىپ بەردىم ئەمەسمۇ! – دەپتۇ.

## تېلېۋىزور مەستانىسى

– بۈگۈن كەچتە ئاينىڭ تۇتۇلۇشىنى كۆرۈڭلار، ھەم شۇ ھەقتە خاتىرە يېزىپ كېلىڭلار، – دەپتۇ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى.

– نەچچىنچى قانالدىن كۆرىمىز؟ – دەپ سوراپتۇ بىر ئوقۇغۇچى.

## پۇل تەلەپ قىلمايدىغان ئېغىز

خوجايىن ئىشخانىسىدىكى كېمىنىڭ قاچىدا ئالتۇن بېلىق بېقىپتۇ. مۇخبىر سوراپتۇ:

– بۇ ئالتۇن بېلىقلار سىزنىڭ [illegible] چىچىۋېتەمەيدىغاندۇ؟ – دەپ سورىغان ئىكەن.

– دەل ئۇنىڭ ئەكسى بولىدۇ، – دەپتۇ خوجايىن كۈلۈپ.

– بۇ يەردە ئاغزىنى ئاچسىلا مەندىن پۇل تەلەپ قىلمايدىغانلاردىن پەقەت شۇلارلا قالدى.

## مەشق قىلىش

ئوغلى: دادا، مەن چوڭ بولغاندا شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيىچىسى بولىمەن.

دادىسى: ناھايىتى ياخشى.

ئوغلى: مەن ھازىردىن باشلاپ مەشىق قىلايمىكىن دەۋاتىمەن.

دادىسى: قانداق مەشق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

ئوغلى: ھەر كۈنى ماڭا مارۇژنا ئېلىشقا بىر يۈەن پۇل بەرسىڭىز، كەلگۈسىدە شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا ماسلىشالايدىغان بولىمەن.

## ئاچكۆز

خوتۇنى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە «ئېرىم ئاچ كۆز» دەپ بېرىدىكەن. كەينى كوچىلاشقا ئاماق بىر ئادەم ئۇنىڭدىن:

– ئېرىڭىزنىڭ ئاچ كۆز ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ – دەپ سورىغان ئىكەن. خوتۇنى قىسقىچە يوشۇرماستىنلا:


– بالاملىرى ئىككىمىزنىڭ بولغان تاپاۋىتىنى ئالغىنىدە ئۇ يەنە بىر قېتىم غاجىلىۋېتىمدۇ، – دەپتۇ.

(ئەخمەت تۇرسۇن. ت)

تەھرىرى: قەلبىنەر ئىمىركىن







# ھىلال ئاي ۋە يېشىل رەڭ


ئۆمەرجان نۇرى

بىز دائىم مەسچىت ـ خانىقا ئۈستىدىكى مۇنار ئۇچىغا ئورنىتىلغان ھىلال ئاي (يېڭى ئاي) ۋە ھىلال ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان بىر بەش يۇلتۇزنى كۆرۈپ تۇرىمىز. يەنە كېلىپ ئىسلام ئەللىرىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ بايرىقىغا ھىلال ئاي ۋە بەش يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن. دۆلەت گېربىمۇ شۇنداق. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يارىدارلارنى داۋالايدىغان، تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن جايلاردا، ئىنسانپەرۋەرلىك قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارىدىغان «ھىلال ئەھمەر» (قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى) ناملىق خەلقئارالىق بىر سەھىيە تەشكىلاتىمۇ بار. يەنە، كۆپ ساندىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ بايرىقىنىڭ تېگى يېشىل رەڭدە بولىدۇ. ئۇنداقتا، ھىلال ئاي ۋە ھىلال ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر بەش يۇلتۇز، يېشىل رەڭ قانداق پەيدا بولغان ھەم نېمىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟

ھىلال ئاينىڭ كېلىپ چىقىشى ئەسلىدە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يەنى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 ـ يىلى پادىشاھ پىللا II باشچىلىقىدىكى ماكىدونىيە قوشۇنلىرى ۋىزانتىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل)نى قورشىۋالدۇ ھەم قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما، ۋىزانتىيە خەلقى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ تۇرىدۇ. بىر كېچىسى ماكىدونىيە قوشۇنلىرى ھەربىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋىزانتىيە شەھىرىگە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. بىراق، تۇيۇقسىز ئاسماندا ھىلال ئاي (يېڭى ئاي) كۆتۈرۈلۈپ، ماكىدونىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيىدىكى پۈتۈن شەھەر خەلقى بىردەك قوزغىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، ماكىدونىيىلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمىنى چېكىندۈرىدۇ ۋە ۋىزانتىيە شەھىرىنى قوغداپ قالىدۇ. شۇنىدىن كېيىن ۋىزانتىيە خەلقى ھىلال ئاينى ئۇلۇغلاپ، ۋىزانتىيىنىڭ شەھەر بەلگىسى قىلىۋالىدۇ. ۋىزانتىيە شەھىرى خەلقىنىڭ بۇ ئەنئەنىسى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىمۇ بار ئىدى. مىلادى 1453 ـ يىلى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەد II (تەخمىنەن 1430 ـ 1481) كونستانتىنوپول (بۇرۇنقى ۋىزانتىيە، ھازىرقى ئىستانبۇل)نى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، ھىلال ئاي پارلاق كەلگۈسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۇلتان مۇھەممەد II كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان كېچىسى بارگاھىدا ئولتۇرۇپ، بىر ئاز مۈگدەپ قېلىپ، بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ، ئۇخلايدۇ ۋە چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە شەرقتىن غەربكە قاراپ، ئاسماننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان ھىلال ئاينى كۆرىدۇ. ئويغىنىپلا قورۇشنى ئويلاۋاتقان بۈيۈك ئەل ھەققىدە بىشارەت بولدى دەپ قاراپ، باشقا ھەر خىل رەڭدىكى جەڭ تۇغلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، قان بەدىلىگە كەلگەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان قىلىپ، بايراق تېگىنى قىزىل رەڭلىك، بەخت ـ سائادەتنى بىلدۈرىدىغان قىلىپ، ھىلال ئاي ۋە بەش يۇلتۇزنى قورماقچى بولغان بۈيۈك ئەلنىڭ بەلگىسى قىلىپ بېكىتىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن قۇستەنتەنىيىنى پەتھى قىلىدۇ. ئوسمان تۈركلىرى ئىستىلا قىلغان زېمىننىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يېڭى بايراق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا لەپىلدەيدۇ. مىلادى 1517 ـ يىلى، ئوسمان تۈركلىرى مىسىردىكى مەملۇك خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسىنى بولاپ

كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا يولباشچى بولىدىغان دىنىي داھىلىق ھوقۇقى تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (ھىجرىيە 923- يىلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى، يەنى جۈمە كۈنى) ھىلال ئاي ۋە بەش يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراق باغداد شەھىرىنىڭ سېپىل قوۋۇقىدىن ئۇمەييە مەسچىتىگە يۆتكەپ كېلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھىلال ئاي ۋە بەش يۇلتۇز ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقىلىدۇ ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا سىڭىپ كىرىدۇ.

يېشىل رەڭ بولسا قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۆل - دەشتتە ياشايدىغان مىللەتلەر يېشىل رەڭگە ئالاھىدە ھېسسىيات بىلەن قارايدۇ، ھەم يېشىل رەڭنى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ. جۈملىدىن ئەرەبلەرمۇ شۇنداق. ئىسلام دىنى قۇم - چۆللۈك بىلەن قاپلانغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەچكە، بۇ خىل ئەنئەنە ئىسلام دىنىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم. سۈرە كەھف. 31 - ئايەت»تە: «جەننەتكە كىرگەن بەندىلەر يېشىل كىيىم كىيىدۇ»دېگەن بايان بار. يەنە كېلىپ، خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىمۇ شۇنداق مەزمۇن بار. «خىزىر»سۆزى ئەرەبچىدە «يېشىل» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھاياتلىقنىڭ سىمۋول قىلىنغان. شۇڭا خىزىر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىگىچە ھايات تۇرىدۇ، دېگەن رىۋايەت تارقالغان. ئادەتتە، ئەرەبلەر توي ۋە باشقا مۇراسىملاردا بەخت كىيىمى ھېسابىدا يېشىل كىيىم كىيىدۇ. شىئە مەزھىپىگە تەۋە رادىكال مەزھەپ - ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر شىمالىي ئافرىقىدا قۇرغان فاتىمىيە خەلىپىلىكى(مىلادى 909- 1171)دىكىلەر كىيىم - كېچەك جەھەتتە يېشىل رەڭلىك كىيىملەرنى ئەتىۋارلىغاچقا، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «يېشىل تونلۇق تەزىكلەر»دەپ ئاتالغان. 1831 - يىلى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىگاھى قايتا رېمونت قىلىنغاندا، قەبرىگاھ ئۈستىدىكى قۇببە (گۈمبەز)يېشىل رەڭدە سىرلىنىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى بىردىنبىر يېشىل رەڭلىك قۇببە بولۇپ قالغان. ئادەتتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تىلغا ئېلىنغان يېشىل قۇببە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىگاھىنى كۆرسىتىدۇ. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بەش مىللەت ئىتتىپاقلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت — جۇڭخۇا مىنگونىڭ بەش خىل رەڭدىكى



توغرا يوللۇق جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى لايىھىلىگەندە، خەنزۇلار ئۈچۈن قىزىل رەڭنى، مانجۇلار ئۈچۈن سېرىق رەڭنى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېشىل رەڭنى، زاڭزۇلار ئۈچۈن ئاق رەڭنى، موڭغۇللار ئۈچۈن قارا رەڭنى ۋەكىل قىلىپ، ھەر بىر مىللەت ئۆزى ئۇلۇغلايدىغان رەڭنى جۇمھۇرىيەت بايرىقىغا كىرگۈزگەن، ھەمدە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېشىل رەڭنى ۋەكىل سۈپىتىدە قوللىنىپ، مۇسۇلمانلارغىمۇ مۇناسىپ ئورۇن بېرىشكە تىرىشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شاگخەيدىكى خۇيزۇلار «يېشىل تۇغ»ژۇرنىلىنى نەشىر قىلىپ، ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئىران يېشىل رەڭنى ئىسلام دىنىنىڭ دىن رېڭى دەپ جاكارلىدى. مىسىر يېشىل رەڭنى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت رېڭى دەپ بېكىتتى. دېمەك، ھىلال ئاي ۋە بەش يۇلتۇز، يېشىل رەڭ يۇقىرىقى تارىخىي جەريان ۋە ئەنئەنىگە ئاساسەن ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ ئومۇمىيلاشقان ھەم ئىسلام دىن ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە ۋە رەڭ بولۇپ قالغان.

(تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى)



# يېيىق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى

مەتقاسىم ئوسمان

زمىيە ناھىيىسىنىڭ يېيىق يېزىسى كونلۇن تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان يېزا. بۇ يېزىنىڭ خەلقلىرى تارىختىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىرى ۋە خەلق مەشرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆز مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلگەن. بۇلار ئىچىدىكى «ئالالمىدى ھە» ناملىق خەلق ئۇسسۇلى ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات داۋامىدا، يېيىق خەلقىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان. ئۇسسۇل ئادەتتە بىر جۈپ ياكى بىر نەچچە جۈپ قىز-يىگىتلەر تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. ئۇسسۇلنى تېكىستكە ماسلاشتۇرۇپ ئوينايدۇ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

مۇزىكىسى قويچى راۋىپى ياكى دۇتتار بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

ئالالمىدى ھە-ھە،
سالالمىدى ھە.
ئالغىنىنى كۆرۈڭ ھە،
سالغىنىنى كۆرۈڭ.

بىر جۈپ قىز-يىگىت مەيدانغا چۈشىدۇ. قولدا ئادەتتە بىر ياغلىق بولىدۇ. ئۇلار ناخشىنىڭ تېكىستىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنى تالىشىپ ئوينايدۇ. ياغلىق قىزنىڭمۇ، ئوغۇلنىڭمۇ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئۇسسۇل ئويناش جەريانىدا بىر-بىرىدىن تارتىۋالىدۇ. بىراق زورلاۋانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

قانداق ئالادۇ ھە؟
ئويناپ ئالىدۇ.

ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ ياغلىقنى تالىشىدۇ.

ئالالمىدى ھە-ھە،
سالالمىدى ھە!
ئالغانىنى كۆرۈڭ ھە،
سالغانىنى كۆرۈڭ،
قانداق ئالىدۇ ھە؟
تاشلاپ ئالىدۇ.

ياغلىق قايسىسىنىڭ قولىدا بولسا يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

قانداق ئالادۇ ھە؟
چىشلەپ ئالادۇ...

ئۇلار يەردىكى ياغلىقنى چىشلەپ ئالىدۇ. تىزى ياكى مۈرىسى يەرگە تېگىپ كەتمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. پەقەت ئىككى پۇتىدىن باشقا ھېچقانداق ئەزا يەرگە تەگمەيدۇ. ياغلىقنى قايسىسى بۇرۇن ئېلىۋالسا، شۇ يەنە قولىغا ئېلىپ ئوينايدۇ. ئادەتتە يىگىت ئالالمىسا كۆلكىگە قالىدۇ. سازەندىمۇ يىگىتنى قوشاقتا قىستاپ مۇنداق دەيدۇ:

سىكىلىكى شاش كەلدى،
يىگىتى بوش كەلدى.
ئالالمىدى ھە-ھە
سالالمىدى ھە!
قانداق ئالىدۇ ھە؟
ئويناپ ئالىدۇ.
ئالغىنىنى كۆرۈك،
سالغىنىنى كۆرۈك،
قانداق ئالىدۇ ھە؟
تارتىپ ئالىدۇ.

يىگىت ناخشىنىڭ تېكىستىگە بويسۇنۇپ، قىزغا زوراۋانلىق ئىشلىتىپ، ياغلىقنى تاتۇېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ چاغدا سىرتتىن يەنە بىر قىز مەيدانغا چۈشىدۇ. ئۇلار بىرلىشىپ، ياغلىقنى بىر-بىرسىگە تاشلاپ ئوينايدۇ، يىگىت ئىككى قىزغا تەڭ كېلەلمەي ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. سازەندە مۇنداق دېيدۇ.

سىكىلىكى قوش كەلدى،
يىگىتى بوش كەلدى.
ئالالمىدى ھە - ھە
سالالمىدى ھە!
سىكىلىكى جۈپ كەلدى،
يىگىتى تاق كەلدى.

ئاخىرىغا ئۇلاپ قانچە جۈپ يىگىت-قىز بولسا مەيدانغا چۈشسە بولىدۇ، سازەندە توختاپ قالمىسا ئويناۋەرسە بولىدۇ. تېكىستى ئاساسەن تەكرارلىنىپ ئېيتىلىۋېرىدۇ.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

## ھېكمەت دۇنياسى

ئۈزۈڭنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىغا كۆيۈنگىن. كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىدىمۇ سىنى خۇشال قىلىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان شانلىق پەيتلەر بولىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ رۇجىكىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى بايلارنىڭ تۈگلۈكىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىغا ئوخشاشلا پارلاق بولىدۇ.

— ھېنرى داۋىد تورېئاۋ

مەن ھاياتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خۇشالمەن. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتلىق قىسقا ۋاقىتلىق شام ئەمەس، ئۇ شانلىق مەشئەل. ئۇ ھازىر ماڭا مەنسۇپ؛ مەن ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچە، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن پارلاق نۇر چاچقۇزىمەن.

— گېئورگىي بېرناردشاۋ

ھاياتتىن خۇشال بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ ساڭا كۆيۈنۈش، ئىشلەش، كۆڭۈل ئېچىش ھەمدە يېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يۇلتۇزلارغا قاراش پۇرسىتىنى بېرىدۇ.

— ھېنرى ۋان دېيك

ئەگەر ئۈزۈڭدە ئېتىقاد قىلىدىغان ئوي بولسا، باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغىن، پەقەت يۈرەك قېتىدىن چىققان ساداغىلا قۇلاق سال.

—دېيىل كارنېگ

ئۆزۈڭ چىڭ تۇر، ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئىشىنى دورىما؛ پۈتۈن ھاياتىڭدا توپلىغان كۈچ ئارقىلىقلا تالانتىڭنى كۆرسىتەلەيسەن؛ باشقىلارنىڭ تالانتىدىن پايدىلانساڭ، پەقەت ئۇنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولالايسەن.

— رالپ ۋالدو ئېمېرسون

ئەگەر سەن كېيىنكى قېتىمدا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالماي باشقىلار ئالدىغا چېپىپ بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سوراپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلماقچى بولغاندا، ئۆزۈڭگە: بۇ مەسىلىنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن، ئەگەر بۇنىڭدىن باش تارتسام ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەخمەق قىلغان بولىمەن، ئۇنى ئۆزۈم ھەل قىلاي، دېگىن. ئاندىن ئۇنى ھەل قىلغىن، مۇشۇنداق قىلساڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا ماڭغان بولىسەن.

—دېيىل كارنېگ

(ئامىنە. ت)

# مەن سىلەرنى ئاللىدىم

ئۆمەرجان ھەسەن (مۇزات)

«بىز ھەممىدىن يالغۇزلۇقنى ئاللاپ بولالمايمىز. ھەممىدىن يالغۇزلۇق بىزنى ئاللىسۇن». بۇ نېمىدېگەن دېموكراتنىڭ ئۇس ئالغان خىتاب ھە؟ ئاللاش ھېچقانداق زورلاش، ئۆز ئېيتىش، ئالداش، ماختاش تەلەپ قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ئىچكى مايىللىقى. مۇشۇنداق مايىللىققا ئىگە تاللاشلا ھەققىي مەنىگە ئىگە بولالايدۇ.

شۇڭا مەن چىن ئىخلاسىم بىلەن سىلەرنى ئاللىدىم. دۇنيا تەرەققىي قىلماقتا. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئېلېكترون دەۋرىدىن ھالقىپ، ئالەم بوشلۇقى تەتقىقاتىدا بىر-بىرىدىن خاراكتېرلىك مۆجىزىلەر يارىتىلماقتا. بىزمۇ تەرەققىي قىلدۇق، خەلق راكېتا سۈرئىتىدە تەرەققىي قىلسا، بىز ئېشەك ھارۋىسى سۈرئىتىدە تەرەققىي قىلدۇق. بەزى يېزىلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، يەنىلا شۇ تورۇستىن شورقىراپ، تويا قويۇلۇپ تۇرىدىغان، قوشقاچلار ماكان تۇتىدىغان پاكار چالما ئۆيلەر، تېزەكنىڭ ئوتىدا، خۇدانىڭ سۈيىگە سېلىپ، پىشۇرۇلغان تەمسىز ئاش-نان، پورقىراپ پوتلا ئىس چىقىرىپ تۇرىدىغان جىن چىراغ، كالا ئۈستىدىكى ھۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىگىز، مازلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ تۇرغان ئەسكى يوتقان-كۆرپە، قاتناش قورالى ئورنىدا ئېنىم تاپماي قاتىرايدىغان ئېشەك، دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ئەمگەك كۈچى ئادەم بىلەن ھايۋان... رادىئو-تېلېۋىزورلىرىمىزدىكى يېزا، قىشلاقلىرىمىز ھەققىدىكى ئۆزگىرىشلەر، «باي بولدى» ھەققىدىكى خەۋەرلىرىمىزنىڭ ئارقىسىدا، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا، بىرەر كىلو گۆش ئېلىپ يېيەلمەيدىغان، مېكىيىننىڭ تۇغۇپ بەرگەن تۇخۇمىنى سېۋەتكە سېلىپ، كۆكتاتلىقىدىكى كۆكتاتلىرىنى يۇلۇپ، قولتۇقىغا قىسىپ، بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، شۇ پۇلغا سەرەڭگە، سوپۇن ئېلىپ، پىيادە نەچچە كىلومېترلاپ يول يۈرۈپ، ئۆيىگە ئاچ قورساق قايتىپ كېلىدىغان دېھقانلىرىمىز ھېلىھەم بار. روشەنكى بىز يەنىلا ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالداۋاتىمىز.

جىبران خېلىل جىبران «مەست قىلىش دورىسى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش پىچىقى» دېگەن ئەسىرىدە، شەرق مىللەتلىرىنىڭ كېسەل داۋالىغاندا «ئوپېراتسىيە پىچىقى» ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا «مەست قىلىش دورىسى»نى ئىشلىتىپ، ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغانلىقىدەك بىر خىل روھىي كېسەلنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. بۇ خىل كېسەل مىللىتىمىزدىكى ئايرىم كىشىلەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى. بىز ئەسىرلەردىن بۇيان «ئوپېراتسىيە پىچىقى»نى ئىشلىتىپ، ئۆزىمىزدىكى كېسەللىكنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئورنىغا، «مەست قىلىش دورىسى»نى ئىشلىتىپ، كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى توغرا تاپتۇق. بۇنى ئاز دەپ، بىزنىڭ «كېسىلىمىز»نى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە «ئوپېراتسىيە پىچىقى» ئارقىلىق ئۇنى داۋالىماقچى بولغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىمىزنى ئۆزقولىمىز بىلەن نابۇت قىلدۇق ياكى ئۇنى يەكلەپ چەتكە قاقتۇق. نەتىجىدە «مەست قىلىش دورىسى» بەدىنىمىزنى زەھەرلەپ، مېڭىمىزنى ئىشلىمەس قىلىپ قويدى. يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانمىغان «كېسەل» بىزنى بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇ دەرىجىدە نادانلىق ۋە نامراتلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئەمدى «مەس قىلىش دورىسى»نى چۆرۈپ تاشلاپ، «ئوپېراتسىيە قىلىش پىچىقى»نى قولىمىزغا ئالمىساق زادى بولمايدىغان ئەھۋالغا يەتتى. شۇنداق قىلماي تۇرۇپ، پۈتۈنداق نادانلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايمىز.

ماانا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىدە بىزگە زېمىن ھازىرلىدى. ھېس قىلىشىمچە، مەزكۇر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر نادانلىقىمىز، قالاقلىقىمىز ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ، ئېچىنىۋاتىدۇ، يول ئاياغ ئاستىمىزدا تۇرسىمۇ ماڭالمىغانلىقىمىزغا، شۇنچە بايلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ نامرات ياشاۋاتقانلىقىمىزغا، ئالدىمىزدا تەييار تۇرغان ناننىمۇ ئوڭلاپ يېيەلمىگەنلىكىمىزگە، ئېلان قىلىنغىنىغا نەچچە يىللار بولغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بىزگە خېلى كۆپ ھوقۇقلار بېرىلگەن بولسىمۇ، شۇ ھوقۇقلار ماددا، ماددىلار بويىچە ئېزىپ-ئىچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى تەييار چايناپ بەرگەن ناننىمۇ يېيەلمىگەن كىچىك بالىدەك، ئۇنى ئىشلىتەلمەي، كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرغىنىمىزغا ئېچىنغان ئاساسا، مىللەتنىڭ سايىسىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىر قاتار ياخشى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ يىللاردا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئىناۋەت تېپىپ، تىرازى كۆپەيدى، ئۇلار مۇشۇنداقلا ماڭسا، پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ تاللاش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىللەتنى ئويغىتىپ، نادانلىقتىن خالىي قىلىپ، ئىلىم-مەرىپەت يېتەكلەش روھى ئىنجابدۇر.

قېرىنداشلىرىم، نادانلىقىمىزنى تاشلايلى، بىر قاپ ئاچچىق تاماكا، بىر بوتۇلكا سېسىق ھاراقنى ئاز ئىستېمال قىلساق، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا ئوقۇش «جاراھەتىمىز»نى داۋالىيالايدىغان ئېسىل «دورا»غا ئېرىشىپ، ئوبدان روھىي ئوزۇق تاپالايمىز.

ھەممىمىز بۇ ژۇرنالنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىنى ئۆزىمەي ئوقۇيلى!



# قىزناق چاقچاقلار

(ئەدەبىي پارچىلار)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

## پۇل ۋە جان

بىر كۈنى پۇل بىلەن جان، «ئادەم ئۈچۈن قايسىمىز مۇھىم» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالىشىپ قالدى.

ـ ئەلۋەتتە مەن مۇھىم، دېدى پۇل ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ـ چۈنكى ئادەملەر مەن ئۈچۈن سەندىن ئايرىلىدۇ.

ـ خاتالاشتىڭ، ـ دېدى جان قەتئىي ئىشەنچ بىلەن، ـ ئەسلىدە ئادەملەر مېنى ئاسراش، مېنى ساقلاش ئۈچۈنلا سېنى كەشىپ قىلىشقان تۇرسا، قانداقچە سەن ئۈچۈن مېنى قۇربان قىلسۇن، سەن پەقەت مېنى ساقلاش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان بىر ۋاستە، مەن بولسام ماھىيەت، چۈنكى مەن بولمىسام ئادەملەر ئۆزىمۇ بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزى بولمىسا ئۇ چاغدا سېنىڭ نېمە ئەھمىيىتىڭ؟

ـ دېگەنلىرىڭ راست، لېكىن ئادەملەر مېنى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ، سېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن ۋاستىگە، مەن ماھىيەتكە ئايلىنىمەندە، ئادەملەر مېنى تېپىش ئۈچۈن سېنى خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ـ ئىشەنمەيمەن، ئادەملەر ئۇنچىلا ئەخمەق ئەمەس.

ـ ئىشەنمىسەڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناپ كۆرمەمدۇق؟

ـ بولىدۇ، قانداق سىنايمىز؟

ـ بۇ بەك ئاسان. ھازىر سەنمۇ ـ مەنمۇ مانا ماۋۇ ئاۋۇت ئىسىملىك ئادەمنىڭ تەن ۋە يانچۇقىدا تۇرۇۋېتىمىز. سەن بىر ئاز بىنورماللاشقىن، قالدىسىنى كېيىن كۆرۈۋەرسەن.

ـ بولىدۇ، مانا ئەمىسە مەن بىنورماللىشىشقا باشلىدىم، قېنى ھېلى كۆرەرمىز...

ئاۋۇتكام شۇئان ساقسىز بولۇپ يىقىلدى ـ دە، ئامالسىز دوختۇرخانىغا باردى.

ـ كېسىلىڭىزگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، كېسەلخانىدا ياتىسىز، 200 سوم تۆلەڭ، ـ دېدى دوختۇر تەكشۈرۈپ بولۇپ.

ـ نېمە، 200 سوم دېدىڭىزمۇ؟...

ئۇ ئىككىلىنىپ، بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

ـ قارىغاندا يېنىڭىزدا پۇلىڭىز ئاز ئوخشايدۇ. بوپتۇ، سىزگە ئېتىۋار قىلايلى، ھازىرچە 100 سوم تۆلەپ تۇرۇڭ.

ـ مەن... مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن، يېنىمدا بىر سىنتمۇ پۇلۇم يوق...

ـ ماڭمۇ چارە يوق.

ئاۋۇنكام بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، دوختۇرنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتى. بىراق دەرۋازا ئالدىغا چىقىپلا يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ كەتكەن جان، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئاشۇ پۇلغا ئورۇن بىكارلاپ، ئاشۇ ئەخمەق ۋۇجۇدتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

كىشىلەر دەرھال ج خ غا خەۋەر قىلىشتى. شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن ساقچىلار مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئېنىقلاۋېتىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ساق 480 سوم پۇل تېپىۋېلىشتى.

ـ تووۋا، ـ دېدى دوختۇر ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ياقىسىنى چىشلەپ ـ بۇ ئادەم تېخى بايىلا «يېنىمدا بىر سىنتىمۇ پۇلۇم يوق» دېگەن ئىدى.

ئادەملەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. بىراق، ھەي ئادەملەر! ئادەم يوق يەرگە بېرىپ، ئۆزۈڭلارغا ـ ئۆزۈڭلار جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار: ناۋادا سىلەرمۇ ئاشۇنداق سىناقتا دۇچ كەلسەڭلار، پۇلنى جېنىڭلارنى ساقلايدىغان ۋاستە قىلامسىلەر، ياكى ئەكسىچە جېنىڭلارنى بىر ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ، پۇلنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتەمسىلەر؟؟

## ئاھۇ ۋە توزاق

سۇسىزلىقتىن تال، گىياھلىرى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن، تۇپرىقى تۇزۇپ كېتىۋاتقان جاڭگالدا، ئاھۇلار نەسلى تا ئەزەلدىن مېڭىپ كېلىۋاتقان كونا چىغىر يول بىلەن ئوماق ئوغلىقىنى ئەگەشتۈرگەن بىر ئاھۇ، تولىمۇ يىراقتا قالغان زەي ئېقىنغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان گۆدەك ئوغلاق، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا شوخلۇق بىلەن سەكرەپ يۈرسىمۇ، بىراق ئانا ئاھۇ شۇنچە ھوشيارلىق بىلەن شامال ئېلىپ كەلگەن ھەربىر پۇراق ئاۋاز ھەم چىغىر يولدىكى ھەربىر ئىزغا پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت قىلىۋاتاتتى. مانا، ئۇ ئۆز يولىغا قويۇلغان توزاقنى سېزىپ قېلىپ، تىمتاس توختىدى. گەرچە قانخور توزاقچى توزاقنى شۇنچە ھىيلىگەرلىك بىلەن يوشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈستىگە سېپىپ قويۇلغان توپا ـ چاۋارلارنىڭ سۇنئىيلىكى، ئاھۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلمىدى. ئۇ چىرايلىق ۋە كىچىك پۇتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرلا سەكرىسە، توزاقتىن ئۆتۈپ كېتەلىشىدە گەپ يوق. ئەمما توزاقچىنىڭ ھىيلىگەرلىكىگە قاراڭلار: ئاھۇنىڭ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى سېزىپ، دەل سەكرەپ چۈشىدىغان جايغا قاتار ـ قاتار قىلىپ يەنە بىر نەچچە توزاق قۇرۇپتۇ! ئەمدى سەكرىگەن بىلەنمۇ بەربىر توزاققا دەسسەپ چۈشىدىغان گەپ. قانداق قىلىش كېرەك؟! ئاھۇ يانغا قارىدى. تۇزاق قۇرۇلغان بۇ كونا چىغىر يولنى تاشلاپ، ياندىن يېڭى يول ئېچىپ، ئۆتۈپ كېتىشقۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مېڭىپ كېلىۋاتقان بۇ تونۇش يولدىن چەتنەپ، باشقا بىر يولدا ماڭسا قانداق بولار؟؟ ياق! ئۆلسىمۇ ئاشۇ تونۇش چىغىر يولدا مېڭىشى كېرەك!!

ئاھۇ ئادەتلىنىپ كەتكەن تونۇش كونا يولدىن زادىلا مېھرىنى ئۈزەلمىدى. گەرچە بۇ يولغا رەقىبلىرىنىڭ توزاقلارنى قۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېنىق سېزىپ تۇرسىمۇ، ئادەت كۈچى غالىپ كېلىپ، يەنىلا شۇ كونا يولنى تاللىدى...

مانا، بىچارە ئاھۇنىڭ توزاققا دەسسىۋالغىنىغا ساق ئۈچ كۈن بولدى. ئۈچ كۈندىن بېرى كىمنىڭدۇر كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتكەندەك، تەقەززالىق بىلەن كېچە ـ كۈندۈز تۆت ئەتراپقا تەلمۈردى. يېنىدىكى گىياھلار يېنىك شامالدا تەۋرەنسە، شۇئان ئۈمىدلىنىپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا يىلىنىش بىلەن تىكتى. ئەمما ئۇلارمۇ گويا خىجىل بولغاندەك يېنىك باش چايقاشتى. ئاھۇ يىگى ئۆمۈر ئىزدىگەندەك تون ئاسمىنىغا باقتى. بىراق جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭ يىلىنىش ئىلكىدىكى كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، ئاستا ـ ئاستا بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە مۆكۈپ غايىپ بولۇشتى.

گويا ئاھۇغا قويۇلغان توزاق ئەگىمىسىگە ئوخشايدىغان ئاسمان گۈمبىزى، ئاھۇنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ئاشۇ توزاققا ئوخشاش قىزىللىققا پۈركۈنۈپ، قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى كائىناتقا چېچىلىشقا باشلىغاندا، ئوماق ئوغلىقىنىڭ ئەمچەك ئىزدەپ، كىچىككىنە تۇمشۇقى بىلەن تۈرتۈشى ئاھۇنى پۇشايمانلىق خىياللاردىن ئويغاتتى. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئوغلىقىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئەمدى، توزاقنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرغان پۇتىنى يالاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ سەزگۈر بۇرنىغا مىلتىق دورىسى پۇرىغاندەك بولدى ـ دە، شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. دېگەندەك «ئەزرائىل»نى مۈرىسىگە ئېسىۋالغان بىر توزاقچى يىراقتىن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئاھۇنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلگەن چىرايلىق كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ئىسسىق ياشلار قۇيۇلدى. بىراق بۇ ياشلارنى كۆرگەن توزاقچىنىڭ چىرايىغا كۈلكە ئۇلاشتى، ئەمدى يىلىنىش، ياش تۆكۈش دېگەنلەرنىڭ ئىككى پۇل ئىكەنلىكى ئاھۇغا ئايان بولدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، بىرلا يۇلقۇندى ـ دە، سۆڭىكى ئاللىبۇرۇنلا سۇنۇپ، تېرىسى بىلەن پەيلىرى تۇتۇپ قالغان

سۇنۇق پۇتىنى توزاقتا قالدۇرۇپ، چۆچۈپ كەتكەن ئوغلىقىنى ئەگەشتۈرگەنچە كۆزدىن غايىب بولدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ھالاك بولىدىغان تەقدىردىمۇ، ئوغلىقىنى قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئويلايتتى.

دەرۋەقە، بىچارە ئوغلاق قۇتۇلدى. ئەمما يېتىم بولۇپ قالدى. چۈنكى ياقالچىكىدىن چورتلا ئۈزۈلگەن پۇتىدىن يىلىك، قانلىرى ئېقىپ تۈگىگەن ئانا ئاھۇ، گەرچە يەنە ئۈچ كۈنگىچە تۈتۈق بەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ھېيلىگەر توزاقچى قان ئىزىنى ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى قۇم بارخانلىرىنىڭ باغرىدا ماجالىدىن كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدە قولغا چۈشۈرۈپ، بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى...

بەلكىم شۇ تاپتا ئوقۇرمەنلەرمۇ ئويلاۋاتقاندۇ: ئىسىت بىچارە ئاھۇ! توزاق قۇرۇلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇ يولدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەي ئۆزۈڭنى ھالاك قىلدىڭ! بۇ دۇنيادا مېڭىشقا يول ئازمىدى؟! نېمە ئۈچۈن يېڭى يول تېپىپ مېڭىشنى خالىمايدىغانسەن؟!

## ھەيرانلىق

كۆپ - كۈندۈز.

كىنوخانا ئالدىدىكى مەيدان، ئەمدىلا كىنودىن تارقىغان كىشىلەر بىلەن لىق تولغان. قاياقتىندۇر ئاندىن تۇغما ھالدىكى يالىڭاچ بىر ئايال پەيدا بولۇپ، ئۆز تىلىدا ئاللىنىمىلەرنى دېگىنىچە، نەدە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەرگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ھەيران قالغانلىقىمدىن كىشىلەرگە قارىدىم. ھەممىلا ئادەم ھەيران قېلىپ، بىر-بىرىگە قارىشىۋېتىپتۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەيرانلىقتىن ئىزىدا توختاپ، بىردەملىككە نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشقان؛ يەنە بەزىلىرى ئاغزىنى تۇسۇۋېلىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ مىنۇتتا پۈتۈن مەيدان، ھەتتا پۈتۈن شەھەر بويىچىمۇ بىردىنبىر يالىڭاچ بولغان، بۇ ئىنساندىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئاخىرى ھەممىيلەن تارقاپ كېتىشتى.

قۇندۇزدەك قاراڭغۇ كېچە.

لېكىن تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان بەش دانە لامپا، 100 دىن ئارتۇق ئادەم يۇيۇنۇۋاتقان بۇ جۇڭگوچە مۇنچا ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن، تۆت تەرەپنىڭ قايسىغا قارىسام، ئاندىن تۇغما ھالەتتىكى قىپيالىڭاچ ئادەملەر. بىراق ھەيران قالىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. شۇ ئەسنادا، بىر توپ يالىڭاچلارنىڭ نېمىگىدۇر ھەيران بولۇۋاتقاندەك ھەممىسىنىڭلا بىر تەرەپكە قارىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ مەنمۇ قارىدىم. بېشىدىن تاپىنىغىچە تولۇق كىيىنگەن بىر ئادەم بىر بۇلۇڭدا تۇسۇلۇپ قالغان سۇ يوللىرى بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئاشۇ بىر توپ يالىڭاچلارنىڭ بىمالال يۇيۇنۇۋېلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقان مۇنچا خادىمى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن مەنمۇ ئاشۇ ھەيران بولۇۋاتقان بىر توپ يالىڭاچلار قاتارىدا ئۇنىڭدىن ھەيران قالدىم. چۈنكى بىز بىر توپ يالىڭاچلار ئارىسىدا، يالغۇز ئۇنىڭلا ئۇچىسىدا كىيىم بار ئىدى.

## بىزنىڭ دەريا

دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ باش - ئاخىرى بولىدىغىندەك، بىزنىڭ دەريالىرىمۇ ئەرشكە تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئاقباش چوققىلاردىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەيۋەتلىك بۈيۈك چوققىلار بىرلا ئەمەس، ئۇنىڭ بەزىلىرى گويا ئاپئاق - ئاپئاق بۇلۇتلارنى سەللە قىلىپ يۆگىگەن گىگانت ئادەمگە ئوخشىسا، بەزىلىرى دۇنيانىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن مويسىپىت ئاتىغا، يەنە بەزىلىرى مېھرى دېڭىز، ئاق رومالىق ئانىلارغا ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنداق يۈكسەك چوققىلاردىن باشلانغان كۆپلىگەن ئېقىنلار، يەر يۈزىدە ئۆزئارا گىرەلىشىپ، سۈيى ئەلۋەك سۆيۈملۈك دەرياغا ئايلانغان.

بىراق، بۇ سۆيۈملۈك دەريانىڭ ئەلۋەك سۈيى ئانا تۇپراق قوينىدا ئېقىپ تۇرۇغلۇق، تەشنالىقتىن باغرى چاك بولۇۋاتقان ئاشۇ تۇپراقنىڭ چاڭقاقلىقىنى قاندۇرالمايدۇ. ئۇنداقتا دېڭىز - ئوكيانلارغا قۇيۇلۇپ تۈگەمدۇ؟ ياق، ئەكسىچە ئۆز - ئۆزىگە سىڭىپ تۈگەيدۇ. ناۋادا خۇددى ئۇنىڭ بېشى بولغىنىغا ئوخشاش ئاخىرىمۇ بولۇپ، دېڭىزلارغا تۇتاشقىنىدا ئىدى، مەڭگۈ - مەڭگۈ قۇرۇمىغان بولاتتى. چۈنكى دېڭىز - ئوكيانلار شۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈككى، ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ 73 پىرسەنتىنى قاپلاپ تۇرۇغلۇق بىر تامچە سۇنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ!

دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ باش - ئاخىرى بولىدىغىندەك، بىزنىڭ دەريالىرىمۇ ئەرشكە تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئاقباش چوققىلاردىن باشلىنىدۇ. بىراق، باشلىنىشىنىڭ قانداق بولۇشى پەخىرلىنىشكە ئەرزىمەيدۇ، گەپ قانداق ئاخىرلىشىشتا. دېمەك بىزنىڭ دەريانىڭ بېشى ئەرشتە بولغىنى بىلەن ئاخىرى يوق...

مانا بۇ - بىزنىڭ دەريا.

## ئادەملەر

تەبىئەت ئانا، نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان ئاچچىق تولغاق ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن ئىنساندىن ئىبارەت پەرزەنتىنى تەۋەللۇق قىلدى. بىراق ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئالىي مەخلۇقات دەپ تونۇيدىغان بۇ نادان پەرزەنت، سۆيۈملۈك ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ساناپ

ئۈگەنمىگۈسىز نازۇ- نېمەتلەرگە زادىلا رازى بولماستىن، ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۇستىباشلىرىنى بۇلاپ - تالىدى. بۇنى ئاز كۆرۈپ ئېغىز تومۇرلىرىنى ئېچىپ، قېنىنى تارتىپ سېتىشقا باشلىدى...

دېمەك، ئادەملەر ئۆز- ئۆزىنىڭ دۈشمىنى، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتكۈچى. ئۇنداق بولمىسا، سۆيۈملۈك تەبىئەت ئانا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئاشۇ ھاياتلىق مەنبەسىنى ئۆزلۈكسىز نابۇت قىلىۋېرىدۇ؟!

× × ×

گەرچە كىيىم - كېچەك كىيىشنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئالدى - كەينىگە لاتا تارتىپ يۇرۇشنى بىلگەندىن باشلاپ، ئادەملەر باشقا ھايۋانلاردىن ئەقىل، ئىدراك جەھەتتىن روشەن پەرقلىنىپ، ئاخىرى بۈگۈنكى دەۋرگە تۇتاشقان تەدرىجىي تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى. ئۇلار دەسلەپتە ئوۋچىلىق بىلەن، ئاندىن چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، ئاندىن سانائەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئىپتىدائىي ئورمانلاردىن كەپىلەرگە، كەپىلەردىن يېزىلارغا، يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كۆچتى. بىراق شەھەرلەر يېزىلارنى، يېزىلار بولسا كەپىلەرنى يارىتالماس - تونۇماس بولۇۋالدى...

دېمەك، ئادەملەر ئۆز - ئۆزىنىڭ خائىنى. ئۇنداق بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنىنى تونۇمايدۇ؟ ئۆز ئەسلىنى ئىنكار قىلىدۇ؟!

× × × ×

قوللىرىغا ئارا - كەتمەن، ئوتىغۇچ، بوقۇسا... قاتارلىق خىلمۇ خىل ئەمگەك سايمانلىرىنى ئالغان بىر توپ كىشىلەر، ماكانلىشىش ئۈچۈن يەر ئىزدەپ، بىر چوڭ كۆل بويىدىكى خاسىيەتلىك يەرگە كېلىپ قېلىشتى. يەر ئاستىدىن چىققان: «ھەي ئادەملەر، مەندەك مۇنبەت ھەم خاسىيەتلىك يەرنى تاپالمايسىلەر، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ماڭا ھازىر نېمە تېرىساڭلار كېيىن شۇنى يىغىۋالىسىلەر. خالىساڭلار قېنى مەندە تۇرۇپ قېلىڭلار» دېگەن سادانى ئاڭلاپ، ئاشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى بۇغداي، ئىككىنچىسى قوناق تېرىشتى. لېكىن ئۈچىنچىسى ئازغان، تۆتىنچىسى تىكەن، بەشىنچىسى يانتاق تېرىشتى. كۈزدە ھوسۇل يىغىماقچى بولۇپ، ئېتىز بېشىغا كېلىشتى. بىراق بۇغداي بىلەن قوناق شۇنچە ئوخشىغان بولسىمۇ، ئەتراپىتىكى ئازغان، تىكەن يانتاقلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي ئوخشىغاچقا، ئۇلار يېقىن بارالمىدى...

دېمەك، ئادەملەر ئۆز يولىنى ئۆزى چىتلىغۇچى، بىرىنىڭ شالتىقىغا مىڭى تېيىلىپ، ھەممىسى يىقىلغۇچى. ئۇنداق بولمىسا نېمە تېرىسا شۇنى يىغىۋالىدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپ، يەنە نېمىشكە ئازغان- تىكەنلەرنى تېرىيدۇ؟!

× × × ×

شەھەرنىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ توپلىشىدىغان مەركىزىي كوچىسى، نېمە سەۋەپتىنكى، ئىككى ئادەم ئاۋۋال ئالىشتى، ئاندىن تىللىشىشتى، ئاخىرىدا مۇشتلىشىشتى. ئۇلار تازا مۇشتلىشىۋاتقاندا قاياقتىندۇر بىر نوچى كېلىپ، تاماشىنا كۆرۈۋاتقانلارنى ئىتتىرىۋېتىپ مەيدانغا كىردى-دە، ئىككىيلەننى ئاجرىتىپ تەسەللىي ۋە تەربىيە بېرىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئۇمۇ ئۇرۇش - جېدەل دېسە توققۇز نان كۆتۈرۈپ بارىدىغان بىر قىزىل قان نوچى ئىدى...

دېمەك، ئادەملەر ئۆزلىرىگە ئەركىنلىكنى، ئۆزگىلەرگە ئەدەپ - ئەخلاقنى تەقسىم قىلغۇچى، ئۆزگىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەپ قويۇپ، ئۆزى بۇزغۇچى. ئۇنداق بولمىسا، نېمە ئۈچۈن جېدەلگە ئامراق بىر نوچى باشقىلارنىڭ جېدىلىنى توسايدۇ؟!

× × × ×

تەسەۋۋۇرسىز ھايات مۇساپىسىنىڭ جاپالىق سەپىرىدە كېتىۋاتقان بىر توپ كارۋان، ئاجايىپ چۆل - باياۋان، خەتەرلىك تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈۋېتىپ، كۈتۈلمىگەندە يەكچەچىملەر ئۆڭكۈرگە سولىنىپ قالدى. ئىنسابسىز يەكچەچىملەر ھەر كۈنى بىر ئادەمنىڭ گۆشىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، قېنىنى چاي ئورنىدا ئىچەتتى. شۇڭا ھەر ئەتىگىنى جاللات يەكچەچىمە ئىشىك ئالدىغا پەيدا بولغاندا، ئۆڭكۈردىكى ئادەملەر جان قايغۇسىدا «سەن سېمىز مەن ئورۇق، مەن ئورۇق سەن سېمىز...» دېگەن سۆزنى تالاي قېتىم تەكرارلاپ، بىر - بىرىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋېلىشتى...

دېمەك، ئادەملەر ئۆز - ئۆزىنى ئالدىغۇچى، بۈگۈنكى بىر قېتىملىق قۇتۇلۇشقا ئەتىكى مەڭگۈلۈك تۈگىتىلىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تېگىشكۈچى. ئۇنداق بولمىسا، سېمىزلەرنىڭ بۈگۈنى ئورۇقلارنىڭ ئەتىسى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشكە ئورتاق قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىمەي ئۆز - ئۆزىنى ئالدايدۇ؟!

× × × ×

ئاسمانغا ئېقىلغان تەنتۈر قوزۇقتەك، ساناقسىز ئۈچلۈق مۇنارلار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سەلتەنەتلىك مەككە شەھىرى. ھەجگە بارغان بىر ئۇيغۇر موماي ئاشۇ مۇنارلارغا قاراپ، ئىختىيارسىزلا پىچىرلىدى:

- ياپىرىم، ماۋۇ كومپارتىيىنىڭ يامانلىقىنى! جاھاننىڭ بۇ چېتىگىمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ھەجەپ ئېسىل قۇرۇلۇشلارنى قىلىۋېتىپتۇ...

ئادەملەر سىياسەتنىڭ قۇربانى. ئۇنداق بولمىسا، مەككىدىكى قۇرۇلۇشلارنى كۆرۈپ جۇڭگودىكى كومپارتىيىنى ئەسلەمدۇ؟!

(ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# نەسرلەر

ئەخمەت ئىمىن

## يۈرەك

ئەي، يۈرەك - ئىنسانىي تۇيغۇلىرىمنىڭ بۆشۈكى!

سەندە تۇيغۇلىرىم بەزىدە ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، بەزىدە قەغىشلىك قىلىپ يىغلايدۇ؛ بەزىدە گۈگىرايدۇ، بەزىدە چىرقىرايدۇ ...

كۈلدۈرسەڭمۇ مەيلى، يىغلاتساڭمۇ مەيلى، گۈگىراتساڭمۇ مەيلى، چىرقىراتساڭمۇ مەيلى. پەقەت ئۇنى چوڭ قىلىۋەتمىسەڭلا بولغىنى. ماڭا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك يۇمرانلىقىلا كېرەك. مېنىڭ نەزىرىمدىكى يۈرەكنىڭ پاكلىقىمۇ شۇ، چىنلىقىمۇ شۇ!

* * *

ئەي، يۈرەك — ئىنسانىي تۇيغۇلىرىمنىڭ يۇمران بوۋىقى! ساڭا ئىدراكنىڭ ئېمىزگىسى كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئۇ ساڭا سۈتئېلىك، ساختىلىق سىڭدۈرىدۇ.

ساڭا ئانامنىڭ سۈتىدەك چىنلىق، ھالاللىق مەڭگۈ يار بولسۇن!

* * *

تۇيغۇلار - تۇسۇن تاي. ئەي، يۈرەك، سەن ئۇنىڭ كەڭرى ماكانى. ئۇ شاماللاردەك غۇيۇلداپ يۈگۈرسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، قىيا تاشقا ئۇرۇلۇپ چاچرىغان شارقىراتمىدەك سەكرەپ - چاپچىسىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىشى. سەن ئۇنىڭغا قوينىڭدا ئاجايىپ ئەركىنلىك بەرگەن. قولۇڭدا ئۇنى تىزگىنلەيدىغان ئەقىل چۇلۋۇرىمۇ يوق، ياكى ئۇنىڭ قاتمىغان بېلىگە سالىدىغان ئالتۇن ئىگەرىڭمۇ يوق. سەندە بارى — زوق، قايغۇ، ھەيرانلىق، ھاياجان ... شۇڭا سەن ئۇلۇغ.

* * *

سەن ۋىجداننىڭ ئوچىقى، يۈرەك! يالقۇنلىرىڭ — ھەققانىيەت؛ ئوتەكلىرىڭ — ئەلەم؛ كۈل - توزۇندىلىرىڭ — ساداقەت.

* * *

ھاياجانلىرىم - قۇش؛ يۈرەك — قەپەز.

قۇش قەپەزدە مۇڭلىنىدۇ، شادلىنىدۇ، بەزىدە تىپچەكلەيدۇ، بەزىدە قەپەزنىڭ شادىلىرىغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ ...

قەپەزنىڭ سۇنغان كۈنىغۇ قۇشنىڭ ئەركىنلىككە چىققان كۈنى بولىدۇ، لېكىن مېنىڭ ...

## يېڭىش ۋە يېڭىلىش

مەغلۇبىيەت كىشىنى نورمال پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا كۆزىتىش كۈچىدىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ.

مەن مەغلۇبمۇ؟

شۇنداق، ھەقىقەتنى چاكىنا كۆز قاراشلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغىنىم مېنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىمدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىسى راست، لېكىن ئۇ ئەتىنۇى كۆز قاراشنىڭ غالىبىيىتىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

## نىدا

ئەگەر مەن ۋارقىرالىغان بولسام، ۋارقىرىغان بولاتتىم، لېكىن نومۇستىن قورقىمەن. ئەتراپىمدىكى پىچىر - پىچىرلار ماڭا خۇددى قۇلىقىمنى پۇتتۇرۇۋېتىدىغان، ھەتتاكى يېرىۋېتىدىغان گۈلدۈرمامىدەك بىلىنىدۇ. لېكىن مەن ۋارقىرالمايمەن، پىچىر - پىچىردىن ئەكس ئەتكەن گۈلدۈرماما مېنىڭ ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنىڭغا جاۋابەن مەن قەلبىمدە ھۆۋلايمەن، يۈرىكىمدە گۈلدۈرمامىدەك نەرە سالىمەن. ئۇنىڭ چاقماقلىرى پەقەت كۆزۈمدىلا يانىدۇ. مەن كۇس - كۇسچىلارنىڭ قۇلاقلىرىنى قەھرلىك ۋارقىراپ يېرىۋېتىشكە قادىر ئەمەس. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئاچچىق ئىس تۈتەپ تۇرغان قوقاسنى باللىدە قىلغان ئەلەم چاقمىقى بىلەن يانىدۇرۇۋېتىشلا.

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# شۇ ھاراقنى ...

(شېئىر)

ئىدرىس بارات

دوختۇر ئېيتسا: زىيانلىق دەپ، تىڭشىماي،
زورلاپ تۇرۇپ ھاراق ئىچتۇق توختىماي،
بىر قېتىممۇ ئىچمەپتىمىز غىڭشىماي،
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

ھاراق قۇيسا، قوي سويغاندىن چوڭ بىلدۇق،
ساقىنى «تەڭرى»، مەس ـ ئەلەسنى «ئۇلۇغ» بىلدۇق،
بىر مەست بولساق، ئۇنى تويدىن چوڭ بىلدۇق،
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

ئىچمەي ھاراق، كەيپىيات ساز بولمىدى،
مەي ـ شارابقا مەدھىيە ئاز بولمىدى،
ئىچمەي قىش، ياز، كۈز، ئەتىياز بولمىدى،
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

ئىچىپ ـ ئىچىپ رۇبائىيلار ئوقۇشتۇق،
ئىلھاملىنىپ نەزمە ـ قوشاق توقۇشتۇق،
كەيىپ بولۇپ، جېدەل قىلىپ سوقۇشتۇق،
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

ئىچىۋېرىپ كېسەل قىلدۇق يۈرەكنى،
ئاشقازاننى، ئۆپكە، جىگەر، بۆرەكنى،
ئەڭ ياماننى يوقاتتۇق ھوش ـ ئىدراكنى،
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

ھاراقنىمۇ نۇرغۇن ئەلدە ئىچىدۇ،
بىزدەك «ئىچىش»جانغا كېپەن پىچىدۇ.
ئىچىۋەرسەك، باشتىن ئەقىل كۆچىدۇ،
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

بەڭگە دەرلەر: چەكمىسىلىككە چېكەيلى!
مەيخوردەرلەر: ئىچمىسىلىككە ئىچەيلى!
ئاقىل دەرلەر: بۇ ئادەتتىن كېچەيلى!
شۇ ھاراقنى ئىچمەي كۈنمۇ ئۆتەرمۇ؟

1994 ـ يىل، ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# ھېكايەت

ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا شاگىرتلىرى بىلەن قىلىنغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە :

— توغرا سۆزلەش ۋە توغرا ئىشلەش؛ ھالال، پاك مېھنەت قىلىش؛ ھەممىگە ئىنساپ ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش؛ نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئۇششۇقچە بېرىلمەسلىك؛ ئالىم، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ چوڭلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى بەجا قىلىش؛ كىچىكلەرگە شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولۇش؛ چىن ۋە سەمىمىي دوستلۇق قىلىش؛ موھتاجلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارغا ئىنئام-ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق؛ نادانلارغا نەسىھەت قىلىش قاتارلىق ئون ئىش ھەممە ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر، — دەپتۇ.

خەتتىنى يازغۇچى: ئەكبەر ئەزىزۇللا.

# 1994年第五期要目


## ●特稿

春落草原时节
——李鹏总理考察内蒙古自治区纪实……吴仕民
国家民委副主任陈虹同志答本刊记者问……
解放思想实事求是不断完善和发展民族区域自治制度……李云昌
新疆维吾尔族自治区五个自治州成立四十周年专栏
希望的土地——伊犁哈萨克自治州……
帕米尔之珠——克孜勒苏柯尔克孜自治州……
自然丰富的绿州——博尔塔拉蒙古自治州……
华夏第一州——巴音郭楞蒙古自治州……
古丝道的上的宝地——昌吉回族自治州……

## ●民族与自治地方

回族和回族自治地方……阿布都克里木等

## ●民族宝库

新疆胡杨和以胡杨命名的地方……玛合苏提
叶亦克人的传统舞蹈……麦提卡斯木

## ●说说我的民族

让我们摆脱气哀告怜之心……艾合塔木

## ●花坛

钱与命（叙事散文五则）……吐尔逊别克
心（短散文三则）……艾合麦提·伊明
这杯苦酒能否不喝？（诗）……伊德里斯

## ●画页

封面：藏族小画家意娜……尹汉胤摄
封二：北京各族青年团结进步先进集体
先进个人表彰大会隆重召开……云昌　亚民摄
中心彩页：1995年年历
封三：艾克拜尔·排祖拉书法选……
封四：《广西灵渠》……亚民摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社
●编辑
民族团结杂志社维编部
●地址
新疆乌鲁木齐市友好
南路22号
邮政编码：830000
●印刷
新疆日报社印刷厂
●发行
乌鲁木齐市邮局
●订阅
全国各地邮局
●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM178U
●全国统一刊号
CN11——1557
●邮政发行代号
58——117

# ئۆلۈك بولمىسا جاسارەت بولماس

ئادەملەرگە قانىنىڭ چىرىقى بىلىم،
بالادىن ساقلىنىش يارىقى بىلىم.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكى

بىلىم بىلەن بولار ئادەمدە ئىمان،
بىلىم بىلەن دۆشنى باغلىماق ئاسان.


— ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى

بىلىم كۈچ

قاتتىق بوران سۇندۇرار چوڭ دەرەخنىڭ غولىنى،
لېكىن ئورماننىڭ ئالدىدا يوقتۇر ئۇنىڭ ئامالى.

ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە. ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە.

ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە. ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە.



گۇاڭشى لىنجۇ لىقىنى

ياسىن فوتوسى

«民族团结》维吾尔文版 «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
定价：1.30元
باھاسى 1.30 يۈەن